هوشۇر ئىبراھىم

# غەزەلىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

# غەزەلىيات

ISBN 978-7-5373-1750-4
9 787537 317504 >

ISBN978-7-5373-1750-4
（民文）定价：6.00 元

هوشۇر ئىبراھىم

# غەزەلىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

格则里亚提：维吾尔文/吾守尔·依布拉音著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.2
ISBN 978—7—5373—1750—4

Ⅰ.格… Ⅱ.吾… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语 （中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 014998 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

# 格则里亚提

作者：吾守尔·依布拉音

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　3 印张　2 插页
2009 年 2 月第 1 版　2009 年 2 月第 1 次印刷
印数：1—2000　　定价：6.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998—2653927

本集子选录作者近年以来所写的 100 多首诗作。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# غەزەلىيات

ئاپتورى: ھوشۇر ئىبراھىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 3 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 2000 —— 1

ISBN 978—7—5373—1750—4
باھاسى: 6.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



# «غەزەلىيات» قا كىرىشمە

غەزەل ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە زور سالماقنى ئىگىلىگەن ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ بىر قىسىم شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇلۇش بىلەن يېڭى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، غەزەلنى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز بىلەن بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شەكلى چىرايلىق، ھەجمى ئىخچام، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بارلىق شېئىرىي شەكىللەر ئارىسىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان غەزەل ئارۇز ۋەزنىنىڭ بارلىق بەھرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولغاچقا، پىكىر سىغىمچانلىقى ۋە رەڭدارلىقتا ۋايىغا يەتكەن، شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى قاناتلاندۇرغۇچى لىرىك تۇيغۇلارنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا شېئىر بىلەن كۈي مەھكەم جىپسىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقىمۇ بەك ماس كېلىدۇ. سەنئەت خەزىنىمىزدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەنە شۇنداق سەرخىل غەزەللەردىن ئۆزىگە چوڭقۇر مەنىدارلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە ئۆلمەس ھاياتىي كۈچ ئېلىپ، مۇقەددەسلىك ئەۋجىدە ياڭراپ كېلىۋاتقانلىقى پىكرىمىزنى يارقىن دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك غەزەللى-

-رىدىن خاس دىۋانلارنى تۈزۈشكەن ۋە «غەزەلىيات» دەپ ئاتاش-
قان. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بىلال نازىمى (1825 — 1900)
نىڭ «غەزەلىيات» ىدۇر.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن شېئىر توپ-
لاملىرىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا قارىماي، خاس غەزەللەردىن تۈ-
زۈلگەن توپلاملار بەكلا ئاز بولدى. مەرھۇم شائىر روزى سايىت
هايات چېغىدا «مەرھابا» ناملىق بىر غەزەللەر توپلىمىنى نەشر
قىلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دوست - يارەنلىرىنىڭ
نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «روزى سايىت شېئىرلىرى (1)»
ناملىق تولۇق غەزەللەر توپلىمى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈش-
تى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن يەنە شۇ خىلدىكى بىر
يېڭى توپلام — «غەزەلىيات» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن بۇ
قاتارغا غەزەللەر گۈلىستانىدىن تىزىلغان يەنە بىر گۈلدەستە
قوشۇلدى.

«غەزەلىيات» نىڭ ئاپتورى هوشۇر ئىبراھىم يېرىم ئەسىر-
دىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تۆھپە-
كار ئۇستاز ۋە پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇ 1937-
يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق كەنتىدە تۇغۇل-
غان. 1954 - يىلى سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى
پۈتكۈزۈپ قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان.
1995 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. ئۇ 1951 - يىلى تۇنجى
شېئىرىنى ئېلان قىلىپ ئىجادىيەت ساھەسىگە قەدەم باسقاندىن
كېيىن، 1958 - يىلدىكى «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى
باشلانغانغا قەدەر ئۆتكەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تولۇپ تاشقان
قىزغىنلىق بىلەن «ئايدىڭ كېچە»، «گۈلدەستە قويدۇم» قاتار-
لىق بىرمۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، ئۈمىدلىك ياش شائىر
سۈپىتىدە جامائەتچىلىككە تونۇلغانىدى. كېيىن نۇرغۇن دىشۋار-

چىلىقلارغا ئۇچراپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر مەزگىللىك ئۇ-زۇكچىلىك پەيلىنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن قەددىنى رۇسلاپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى ۋە كۆپلىگەن شې-ئىر-داستانلارنى — «چېلىش تەنتەنىسى»، «باھار ئىشقى»، «ئاق بۇژغۇن» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «تارىم ئۇنچىلى-رى»، «تۇپراق قەسىدىسى» قاتارلىق توپلاملىرىنى يورۇقلۇققا چىقاردى. «غەزەلىيات» ئۇنىڭ يۇقىرىقى كىتابلىرىدىن كېيىن-كى يەنە بىر يېڭى كىتابى بولۇپ، بىر قەرنەلىك ئەمگەك مېۋىسى بولغان غەزەللىرىنىڭ مۇجەسسىمىدۇر.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى، غەزەللەر شېئىرىيەت ئىلمىدىكى ئەڭ قىيىن پەن ھېسابلىنىدىغان ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆز ۋەزىن قائىدىسىدە ئوقۇش ۋە ھۇزۇر ئېلىش ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسى، ماھارىتى ۋە قىزىقىشىغا باغلىق مۇرەككەپ ئامىللارغا چېتىلىدۇ....

مەن ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەۋلادلار تەربىيىسى ۋە ئەدە-بىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ تۆھپىكار ئۇستاز ۋە تونۇلغان قەلەم ساھىبىنى يېڭى ئەجىر مېۋىسى بىلەن مۇبارەك-لەيمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت، قەلىمىگە بەرى-كەت تىلەيمەن.

ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن
2008 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1

مەن ياشاپ كەلدىم ئۇزاقتىن كۆكتە ئەمەس، تۇپراقتىمەن،
ھەرگىياھ، تاشى مۇقەددەس ياپپېشىل يايلاقتىمەن.

تۇغۇلۇپ ئۈستۇم شۇ تۇپراق چالمىسىنى قەنت بىلىپ،
تەمتىلەپ ماڭدىم، ئەقىل تاپتىم زېمىن - ئامراقتىمەن.

ياشلىقىم تاپتى كامال، قۇربىم بەجايى تاغ مېنىڭ،
نۇر بولۇپ ئالەم يورۇتتۇم ھەيۋەتلىك چاقماقتىمەن.

ئەل ئۇچۇن بولدۇم باراڭدا شىرنىلىك سايۋا ئۈزۈم،
يا كۈمۈش ياپراقى بار، ئالتۇن يېمىش ئاسماقتىمەن.

ئۆزگىدە شاھ بولغىنىمدىن مىڭ ئەزىز كۆردۇم ئەبەد
مىلىنىپ تۆكسەم ھالال تەر، ساپسېرىق پاتقاقتىمەن.

بۇلبۇلى بولدۇم شۇ تۇپراق قامۇسىنى كۈيلىگەن،
جەزبىلىك كارۋان بىلەن ئىقبالسېرى بارماقتىمەن.

ئېھ، ئانا تۇپراق ئەزىز يەر، بەقۇۋۋەت ئوغلۇڭ بولۇپ،
يولدا تاش، دەريادا ئۇيقۇن، سۇر بۇلۇت يارماقتىمەن.

ئايلىنىپ كەتسەم توپاغا سىڭسەم بولۇتقا يەم بولۇپ،
ئىزدىگىن، تۇپراق قامالاپ كۆكلىگەن يانتاقتىمەن.

2

ياشىنىپ قالدىم نىگارىم چاچلىرىم ئاپئاق مېنىڭ،
ئىشقى جامىغا چىلانغان يۈرىكىم ساپساق مېنىڭ.

شۇ سەۋەب پىكرى - خىيالىم ئايلىنىپ كەتمەس نېرى،
كەچلىرى ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم كۈيلىرىم ياڭراق مېنىڭ.

كىرپىكىم تال - تال ئېچىلغان — ئۇيقۇدىن بىدارىمەن،
تۇن بويى كۆرگەن چۈشۈم گويا يېنىك تۇزغاق مېنىڭ.

كىم مېنى دەيدۇ مۇھەببەتتىن يىراق قامغاق، تىكەن،
ھېسلىرىم ئويناق بولاقتەك شام - سەھەر ئويغاق مېنىڭ.

كىمكى جاندىن ئايرىلىپتۇ ئۇ مۇھەببەتتىن يىراق،
تىنىقىم باركى، داۋامەت يۈرىكىم ئويناق مېنىڭ.

3

چىقمىدىڭ جانان ئۆيۈڭ، داۋزاڭنى قاقسام مەيلىمۇ،
ياكى ئۆگزەڭگە سىجىل چالمىنى ئاتسام مەيلىمۇ.

تۇنۇتاڭ ئىشقى ۋىسالىڭ ئىلكىدە بىمار بولۇپ،
رەنجىمە شىپا تىلەپ ئۆيۈڭنى باقسام مەيلىمۇ.

كۆكتىكى يۇلتۇز مەسەللىك كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ،
رەج - بىتاب بولۇپ كۆيۈك دەردىنى تارتسام مەيلىمۇ.

قانچە دوزاخ ئوتلىرى يەتمەيدىكەن ئىشق ئوتىغا،
ئەمدى باغرىمنى قىلىن مۇزلارغا ياقسام مەيلىمۇ.

ئاھ! نىتەي، تۈتتى خۇمارىڭ مەن ياقامنى چاك ئېتىپ،
ئاچچىقىمغا پايلىماي يانتاقتا ياتسام مەيلىمۇ.

ياكى ئەل - يۇرت ئالدىدا شەرم - ھاياسىزلىق قىلىپ،
گۆش كانارىغا يالاڭ جىسمىمنى ئاسسام مەيلىمۇ.

يا سېنى زۆھرە كەبى ھىجران ئوتىدا قالدۇرۇپ،
خۇددى تاھىردەك ئۇلۇغ دەريادا ئاقسام مەيلىمۇ.

سەۋرى جامىم تولدى ئاخىر مەن بوسۇغاڭدا يېتىپ،
ساڭا قۇربانلىق بولۇپ قانىمنى چاچسام مەيلىمۇ.

4

ئەل سېنى ئەلا بىلىپ مەنسەپنى بەردى دوستىما،
گۈل قىلىپ باشقا ئېلىپ ھۆرمەتنى بەردى دوستىما.

تەكتىنى بىلسەڭ خەلقىڭ چاكىرى بولغىن، دېگەن—
مەنىلىك بۇيرۇق يەنە پۇرسەتنى بەردى دوستىما.

ئەر غېمى — ئەلنىڭ غېمى، ئەل قەلبىنى سۆزلەيدۇ، دەپ
ئەڭ ئۇلۇغ شانۇشەرەپ، نۇسرەتنى بەردى دوستىما.

ئەل ئۇچۇن سويما سېلىپ، قوغۇن بولۇپ پىشماق كېرەك،
بىباھا ئاتەش يۈرەك — خىسلەتنى بەردى دوستىما.

سەن بىلىپ ئەل قەدرىنى ئەلنى ئۇلۇغ بىلسەڭ ئەگەر،
تاجۇتەخت ئابرۇيغا ماس خىزمەتنى بەردى دوستىما.

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك، ئەلدىن ئۆگەن، ئەلگە يېپىش،
ئەل بىلەن ئەر يۈكسىلەر — ھېكمەتنى بەردى دوستىما.

گەر ئۆزۈڭنى چاغلىماستىن ئەلنى بىلسەڭ دۆت، نادان،
ئەرزىمەس خەستىن بەتتەر قىسمەتنى بەردى دوستىما.

ئەلگە تۇزكورلۇق قىلىپ بەرگەن تۇزىنى خارلىساڭ،
بىر تىيىنگە ئەرزىمەس قىممەتنى بەردى دوستىما.

بۇ ھەقىقەت قامۇسىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي،
تەمىنى بىلسەڭ شېرىن لەززەتنى بەردىم دوستىما.

5

مەن بىر مايسا، سەن ماڭا گۈلگۈن باھار ئەمەسمۇ،
خەستە كۆڭلۈم ھۇزۇرى مەڭزىڭ ئانار ئەمەسمۇ.

گۈل بەرگىدۇر لەۋلىرىڭ، ئاغزىڭ گۈلاپ جامدۇر،
بېقىنشلىرىڭ تەنگە جان زەپ جىلۋىگەر ئەمەسمۇ.

كىرپىكلىرىڭ قوش قىلىچ، قېشىڭ ئاينىڭ ئەندىزى،
زىنىخلىرىڭ مەرۋايىت، بويۇڭ چىنار ئەمەسمۇ.

مەن قىزىلگۈل باغدىكى يىلتىز سۇرۇپ ئايىنىغان،
هۆسنىمگە رەڭ، تەنگە كۈچ، سەن هۆر دىيار ئەمەسمۇ.

قىسىپ قالسام بوينۇمنى غېرىبسىنىپ يىگانە،
تاغدەك غۇرۇر بېغىشلاپ يېنىمدا بار ئەمەسمۇ.

بېقىپ ئاھۇ كېپىكتەك، پىلتىڭلىساڭ بېلىقتەك،
دولقۇنلانغان يۈرەككە كۆكرىكىم تار ئەمەسمۇ.

بىر دەقىقە كۆرمىسەم جىسمىم كۆيۈپ كاۋاپتەك
كۆڭلۈم بولۇر خاراموش، سەن دىلخۇمار ئەمەسمۇ.

سەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، هاياتىمنىڭ قىيامى،
كېتىپ قالساڭ يېنىمدىن ئۆزۈم بىمار ئەمەسمۇ.

ئاشۇ سەۋەب نىگارىم هىجران ئوتى سالمىغىن،
سېنىڭ ئۈچۈن هاياتىم كۆپ ئىنتىزار ئەمەسمۇ.

## 6

كۆڭلۈمگە چۈشتى مىڭ سەۋدا خۇمار كۆزلەر قاراسىدىن،
نە سەۋدا، ئوت تۇتاشتىكى، قارا كۆزنىڭ بالاسىدىن.

قېنىم ئايلاندى كەۋسەرگە، تېنىم ئېرىپ سىماب بولدى،
قۇتۇلماقلىق بەسى مۇشكۇل ئاشۇ ئاتەش جازاسىدىن.

پەلەكنى ئوتقا قاقلايدۇ نەپەستىن پۇركىگەن ئاتەش،
ندايىم سىرتقا ئاڭلانماس تىلىم پالەچ ۋاباسىدىن.

گويا مەجنۇن بولۇپ قالدىم تۇرار جايىمنى بىلمەيمەن،
چېقىپ چاقماق، بۇلۇت يىغلار پىغانلىق كۆز نىگاھىدىن.

ۋىسالىڭ ئىشقىدا بەربات بولۇرمەنمۇ، دىلىم غەمناك،
يۈرەككە سانجىلار ئوقيا مۇھەببەتنىڭ ياراسىدىن.

تىلەيمەن، ئەي قارا كۆزلەر سىلەردىن سۆيگىگە دورا،
بېرىڭلار خەستە كۆڭلۈمگە لىۋىڭلارنىڭ داۋاسىدىن!

7

ئىلتىجا قىلسام يۈرەكتىن ئەي قەلەمقاش بىلمىدىڭ،
ئەگىشىپ سايەڭ كەبى يۈرسەم نەپەسداش بىلمىدىڭ.

مەن سېنى كۆرگەن كۈنۈم ئۈزسەم ۋىسال دەرياسىدا
بىر دەقىق باقماي ماڭا، كەتتىڭكى دىلداش بىلمىدىڭ.

كىرپىكىم تال - تال قىياق، بەرگىدە ھىجران تامچىسى،
كۆزلىرىم چەشمە بۇلاق بولدى ئەلەمداش بىلمىدىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاھ! خۇدا، باشىمغا سەۋدا چۈشتى بىر سۇۋانسەن،
تەلۋىدەك دەۋرەپ يۈرۈيمەن قىلچە ھېسداش بىلمىدىڭ.

ئاھ! نىتەي، تەلەي قۇشى قونماپتىكەن باشىمغا ھەي…
سۆيگىگە چاڭقاق بولۇپ كەلسەمكى قولداش بىلمىدىڭ.

8

سەن مېنى ناخۇش بىلىپ تاندىڭ، بىراق خۇشتارىمەن،
ياغرىتىپ چالساڭ ئەجەمگە ئۈن قاتار دۇتارىمەن.

دىلشىكەستە ئايۋانىدا باقساڭ كوۋۋك پەيدا قىلىپ،
ھەر سەھەر بۇغ - بۇغ قىلىپ ئۈنلەيدىغان دەمدارىمەن.

دىلخانەڭ غەمناك چۆلگە ئايلىنىپ كەتسە ئەگەر،
مېھرىدىن گۈللەر تېرىپ باغ قىلغۇچى گۈليارىمەن.

گەر شۇ باغ ئىچرە ۋىسال جامىدا مەي ئىچسەك قېنىپ،
قەلبىمىز ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر سېزى «خۇشتار» ىمەن.

سەن ئەگەر توغراق بولۇپ ئۈنسەڭ پىغان بارخانىغا،
بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ سايرايدىغان دىلدارىمەن.

نە ئۈچۈن مەندىن يامانلاپ ياش تۆكەر بولدۇڭ نىگار،
تاش يۈرەك دەمسەن مېنى، يار ئىشقىدا ئاۋارىمەن.

شاخ ساناپ يۈرگەن ساراڭقۇش ئويلىما جانان مېنى،
سۆيگىدە سادىق - ۋاپادارلار پىرى — سۇلتانىمەن،

ئىزلىرىڭ تۇگدۇم كۆڭۇلنىڭ ياغلىقىغا چىڭ قىلىپ،
بىز ۋىسال پەيتىگە يەتكەندە كۆڭۇل ئىزھارىمەن.

ئىشق ئوتى - كۆيدۇرگۇچى، سەنمۇ ئوتتا كۆي نىگار،
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا شۇ ئوت كۆيگۇچى خۇمدانىمەن.

9

ئانامنى، گۇلنىگارىمنى ھاياتلىق باغچىسى دەيمەن،
بۇ ئۆمرۇمنىڭ ئالتۇن مۇنارى — تاجىسى دەيمەن.

ھاياتلىق ئۇ بىلەن خۇددى ئۇزۇلمەس بىر ئەزىم دەريا،
قەدىر - قىممەتكە تەڭداشسىز يۇرەكنىڭ پارىسى دەيمەن.

ئۆيۇمدە بەزمە قاينايدۇ، ئۇ بولسا كۆڭلى - قارنىم توق،
ئۆتەر تۇرمۇش ھېيت يەڭلىغ بەختىنىڭ ئەلچىسى دەيمەن.

ياقام كىرسىز، بالام خۇشخۇي... ئۆيۇم چاقنايدۇ ئاپتاپتەك،
ئۇ كۆركى - زىننىتى ئۆيىنىڭ — خوتەننىڭ زىلچىسى دەيمەن.

نىگارىمدىن بىلەر دىلنىڭ سىرىنى ھېچ خاتاسىزلا،
ئۇنىڭ قەلبى ئەجەب تۇيغۇن كۆڭۇلنىڭ رەمچىسى دەيمەن.

ۋاپادارلىق، گۇزەللىك بابىدا يەتمەس ئاڭا ھېچكىم،
ئۇنىڭ رۇخسارىنى ئاپتاپ، باھارنىڭ ئەركىسى دەيمەن.

ئانامسەن، گۇلنىگارىمسەن، قىزىمسەن، ھەمدىدارىمسەن،
سىلەرنى ئىككى ئالەمنىڭ گۆھەر دۇردانىسى دەيمەن.

ئايالىلار، ئېھ قەدىردانلار، سىلەر بولماي ھاياتلىق يوق،
سىلەرسىز يوق كۆڭۈل شادى، خۇشاللىق جارچىسى دېيەن.

## 10

گۈل دېسەم، گۈلدىن گۈزەل سەھرا قىزى،
ئوقچىغان مارجان بۇلاق شەھلا كۆزى.

ئاي دېسەم، ئاي مۆكتى سەندىن بوپ خىجىل،
چۈنكى، سەن مىسلى تولۇن ئاي ئەندىزى.

شام - سەھەر يانىمدا تۇرغان ئاھۇسەن،
ئاي كەبى قاچمايسەن ھەرگىز كۈندۈزى.

ھەرنىگار، نازىڭنى ئوخشاتسام زۇھەل،
نە زۇھەل، سۇبھىدە چولپان يۇلتۇزى.

ئىككى مەڭزىڭ زەپ مۇنەۋۋەر ئۆرگىلەي،
مىسلى تاڭدا بالقىغان كۈننىڭ يۈزى.

ئانا يۇرتقا گۈل چېكىپسەن سۆيگىدىن،
چارچىماس تۇلپار بولۇپ قىشۇ يېزى.

ئاھ! نىتەي، قەلبىمنى ئالدىڭ لال قىلىپ،
جەننەتۇل مەۋادىكى ھۆرنىڭ ئۆزى.

## 11

قېنىڭدىن گۈل تىزىق تىزساڭ زامانىنىڭ ئەختىرى دەيمەن،
لىرىكاڭ ئەلگە جور بولسا هاياتلىق دەپتىرى دەيمەن.

يىغىپ تۇرمۇش گۈلابىنى ئەجىر جامىدا قايناتساڭ،
شەپەقتەك شوخ جۇلاسى بار گۆھەرلەر جەۋھىرى دەيمەن.

سەتىرلەر چاقنىسا ياقۇت كەبى دىللار كاساسىدە،
يۈرەكنى ياشنىتار دورا، قەلبىنىڭ كەۋسىرى دەيمەن.

هاياتلىق بىپايان ئوكيان ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى چەكسىز،
بولۇپ غەۋۋاس گۆھەر سۈزسەڭ خەلقىنىڭ تاھىرى دەيمەن.

ئەقىدە، چىن مۇھەببەتتە رىئاللىق كانىنى قازساڭ،
يۈرەكتە ئوت - پىراقى بار قەلەمكەش ماھىرى دەيمەن.

## 12

بىقىپ قەلبىمگە ئوت ياقتىڭ، كۆزۈڭ ئاتەش بۇلاقمۇ،
مەيىن كىرپىكلىرىڭ چاقماق، قېشىڭ ساھىل قىياقمۇ.

يۈزۈڭ گويا قىزىل ياقۇت كۆزۈمنى چاقنىتار باقسام
لېۋىڭ شەربەت تېمىپ تۇرغان شېرىن - تاتلىق مۇناقمۇ.

چېچىڭ بوينۇمغا تاشلانغان مۇھەببەت زەنجىرى - رىشتى،
بويۇڭ زىبا بەئەينى ئۇ، قىزىلگۈلنىڭ سىياقمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارامىمغا قىلىپ غەلىيان پىغان ئاتەشلىرى ئېرەم،
تېنىمدە لاۋۇلداپ كۆيگەن ۋىسال ئىشقىڭ پىراقىمۇ.

نىگاھىڭ سالدى مىڭ سەۋدا، خىيالىمدا تۇمەن غوۋغا
سۆڭەكلەر چۇل - چۇلا بولدى، ئوتۇڭ غولدا - تاياقىمۇ.

گويا مەجنۇن بولۇپ سەلدەك يۇرەرمەن ھەرقايان دەۋرەپ،
مېنى كۆرگەن كىشى دەركىم: ئۇ چۇل سالپا - سایاقىمۇ؟

ۋىسالىڭ غەلۋىرى تاسقاپ گويا يۇلغۇن چېچەكىدەك،
پايانسىز چۆلگە بەند قىلغان مۇھەببەتنىڭ سىناقىمۇ؟

# 13

كۆزۈمنى مەن ئۇزۇپ تاشلاي سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار،
تىلىم كۆيسۇن، خۇسۇمەتلەر سىلەرگە يەتمىسۇن قىزلار.

كۆزۈڭلار چاقنىغان چولپان، قېشىڭلار ئايغا ئەندىزدۇر،
لېۋىڭلار غۇنچىدەك يۇمران توزانلار قونمىسۇن قىزلار.

چېچىڭلار ئەۋرىشىم تالدەك، بېشىڭلاردا چىمەندوپپا،
بويۇڭلار تىك چىنار يەڭلىغ، شامالالار ئەگمىسۇن قىزلار.

قېلىشمايدۇ ئۇزۇن كۆڭلەك گويا شاھلار لىباسىدىن،
گۇلى چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك تۇمانلار توسمىسۇن قىزلار.

چىمەنلەر يەلپۇنەر نازۇك سەھەر - ئاخشام يېنىڭ يولدىن،
قەدەملەر شۇ كەبى لەرزان قۇيۇنلار بۇزمىسۇن قىزلار.

چىرايدا ھۆر - پەرىلەردىن گۈزەل ھەم ئاي خىجىل ھەتتا،
ئەقىل - زېھنى ئەزىم دەريا بىھۇدە ئاقمىسۇن قىزلار.

چېلىشتا، ئىشتا - ئەمگەكتە، بىلىمدە كۆككە ئۆرلەڭلار،
گۈزەل ياشلىق باھارىڭلار بىكارغا كەتمىسۇن قىزلار.

14

ئايالىم قىز تۇغدى، دەپ دوستۇم بىكاردىن رەنجىدىڭ،
تۆھپىسى ئالەمشۇمۇل سەن دىلىنىگاردىن رەنجىدىڭ.

يىلتىزى بولماي دەرەخنىڭ بەرمىگەي ئالتۇن مېۋە،
ئەسلىي ئەجدادىڭ مۇنەۋۋەرسەن موماڭدىن رەنجىدىڭ.

قىز ھاياتلىقنىڭ گۈلى، گۈلدەك ھاياتلىق بۇلبۇلى،
ئەس - ھوشۇڭنى يوقىتىپ تەكتى ئاناڭدىن رەنجىدىڭ.

بولمىسا قىز، سەن قەيەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدىڭ،
سەن ھاياتلىققا نىجاتكار قىز بالاڭدىن رەنجىدىڭ.

سۈيى يوق ئۆستەڭ قەيەردە، قىزى يوق گۈلگۈن ھايات،
سەن ھاياتلىق باغۋىنى قەددى چىناردىن رەنجىدىڭ.

15

ئەي سابا، يەتكۈز مېنىڭدىن دىلخۇمارىمغە سالام،
يۈرىكى گۈلخان مۇسەللىك ئۈز چىنارىمغە سالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەچتە ئاي — قەلبىمگە چۆككەن، كۈندۈزى نۇرلۇق قۇياش،
ھۆرمىتى ئالەمشۇمۇل سۇلتانۇ شاھىمگە سالام.

ھەرقاچان پىكرىمگە باشچى، ھەر جۇشۇمىنىڭ لەززىتى،
سۆيگۈ ئىقبالىم سىيماسى گۈلنىگارىمگە سالام.

ئۇ خىيالىم يۇلتۇزى ھەم دىلدىكى نۇرلۇق چىراغ،
چىن ھاياتىم غەمگۇزارى، گۈلئۇزارىمگە سالام.

مەن ۋىسال پەيتىگە تەشنا قاغجىراپ قالغان ئىتىز،
ئىشق - پىراق جامىدا مەي تۇتقان ئارامىمگە سالام.

## 16

بەختكە چىرمىشىپ ئۆستۈم گۈزەل دەۋرانە - دەۋرانە،
سۆزۈمدە چىن ھەقىقەت بار ئەجەب دۇردانە - دۇردانە.

ئىمىپ تاڭنىڭ شارابىنى قۇياشنى دىلئارام قىلدىم،
يۈرەكتە ياندى ئاتەش - ئوت گويا گۈلخانە - گۈلخانە.

شەپەق ئوينايدۇ مەڭزىمدە، گويا گۈل بەرگىدەك رۇخسار،
كۆزۈمدە چايقىلار سۆيگۈ ئەجەب نۇرانە - نۇرانە.

ئەقىل تاپتىم بولۇپ شائىر، خەلق ئەقلىم بۇلاقىدۇر،
زەپەرلەر ئىچرە يايرايدۇ كۆڭۈل مەستانە - مەستانە.

پۈتۈن ئالەم يارالغاندۇر ئۇلۇغ ئەمگەك بىلەن پەندىن،
جىمىنىڭ ئىگىسى — پەخرى خەلق سۇلتانە - سۇلتانە.

يۈرەك گۈلگۈن سىياداندۇر، تىزارمەن گۈلتىزىق قاندىن،
سەتىرلەر سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ ئاقار لەرزانە - لەرزانە.

سىپەر مېھرىم سەھەر تاڭدا قىزىلگۈل بەرگىگە شەبنەم،
قۇياش نۇرى جۇلاسىدىن كۆلەر دىلخانە - دىلخانە.

كۆيۈم ئەندىز بولۇر كاككۇك بىلەن بۇلبۇل ناۋاسىغا،
دىلىمدا خەلق - تۇمەن ئەلنىڭ كۆيى جەۋلانە - جەۋلانە.

ئۈمىدۋارمەن، ئۇلۇغ خەلقىم گويا خانتەڭرى بەختىمگە،
خەلق نۇرلۇق قۇياش مەنگى ئاڭا پەرۋانە - پەرۋانە.

## 17

ئاتامنى تەڭرىتاغ دەيمەن، ئانامنى چارباغ دەيمەن،
ھاياتىم مەنبەسى - كانى سۆيۈملۈك رەھنىما دەيمەن.

ئاتام ئەجرى بىلەن باقتى، ئانام بەردى ھالال ئاق سۈت،
كۆيۈملۈك كاتتا پەرۋىشكار ئۆمۈرلۈك قىبلىگاھ دەيمەن.

قىزىلگۈلدەك چىرايىنى ئۆتتۈندى قىلچە مىننەتسىز،
قەدىر - قىممەتكە تەڭداشسىز پىداكار ئەۋلىيا دەيمەن.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار جاھاندا خاك ئەمەس، ئالتۇن،
قۇياشتەك مېھرىبان، ئىللىق چىرايىمغا زىيا دەيمەن.

ئاتا مېھرى، ئانا مېھرى ئۈزۈلمەس بىر ئەزىم دەريا،
يۇدۇپ باقسام ئۆمۈرۋايەت كى بولماس قەرز ئادا دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

ئانامنىڭ ئەللىيى دىلدا، ئاتامنىڭ ئەجرى بىلەن تىلدا
ئاياغىغا قويۇپ باشىم ئوقۇي ھەمدۇسانا دەيمەن.

## 18

سەھەر كۆكتىن تۆكۈلگەن نۇر قۇياشىنىڭ تال جالاسىدۇر،
زېمىننى قاپلىغان ئاپتاپ جالانىڭ شوخ جۇلاسىدۇر.

سۆگەت - تال سۇپسۇزۇك كۆلگە ئەجەب زىننەت بېغىشلايدۇ،
يېشىندىن سوڭغى قوشماق رەڭ سامانىڭ چاچ تالاسىدۇر.

تاقىر تاغ بولسىمۇ ھەيۋەت، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلماس
ياراشقان تاجى قارىغايلار ناۋا كەشلەر ئۇۋاسىدۇر.

يىگىتنى مەستۇمەست قىلغان پەرىلەر زىننىتى - كۆركى،
تېقىمغا تولغىشىپ چۇشكەن چېچى تۈننىڭ قاراسىدۇر.

شۇ چاغ قىز ئىپتىخارى ھەم ھۆسنىگە رەڭ قوشار جەزمەن.
ئۇنىڭدىن دىلغا چۈشكەن ئوت مۇھەببەتنىڭ سىيماسىدۇر.

يىگىتلەر قەلبىگە سەزگۈ پىراقتىن ئوت تۇتاشتۇرغان
كۆڭۈلنىڭ ئاشقى - پەخرى ئۇزۇن چاچنىڭ قاراسىدۇر!

## 19

چىقسام نىگار باغ تېمىڭ، تارتىشقا ماڭۇق قول كېلۇر،
نە قول، يۇرەكنى ئويىنتىپ خۇشبۇي ئېچىلغان گۈل كېلۇر.

كۆزلەردە شادلىق بەزمىسى، قەلبىدە ئاتەش نەزمىسى،
يۇمران چىۋىقتەك تولغىنىپ گۈلدەك چىراي مەقبۇل كېلۇر.

يۇرسەك چىمەندە ياندىشىپ، لەرزان قەدەملەر تاشلىشىپ
رىشتى تۇتاشقان چىرمىشىپ قوشماق يۇرەكتىن كۈي كېلۇر.

ئوتلۇق كۆزۈمنى تاشلىسام، ئالما تۈۋىگە باشلىسام،
گۈلگۈن چېچەكتەك نازغىنىپ نازۇكەرەشمەڭ جور كېلۇر.

چۆمگەندە سەزگۈ قوينىغا، تاشلانسا قول گۈل بويىنىغا،
چاڭقاق دىماغقا شۇ مەھەل ئەنبەر مەسەللىك بۇي كېلۇر.

لەۋلەر تۇتاشسا ئەيمىنىپ، ئۇسسۇز يۇرەكلەر نەملىشىپ —
بىر گەۋدە بولساق، شوخلۇقى تۇتقان بېلىقتەك خۇي كېلۇر.

يۇمشاق شاماللار ئەۋجىدىن، گۈل ناخشىلارنىڭ مەۋجىدىن
مىڭلاپ تەشەككۇر - ئاپىرىن ئېيتقان يېقىملىق خور كېلۇر.

ۋەدىلەشسەك شۇ مەھەل، تۈن يانغىنىدا - تاڭ سەھەر،
سازلار چېلىنغان مەلىدىن زەپمۇ خۇشاللىق توي كېلۇر.

**20**

ئەل بىلەن كەلدىم ياشاپ بەڭۋاش خىيالىم يوق مېنىڭ،
كۆڭلى تۈز، پىكرىم ئوچۇق، پىنھان پىلانىم يوق مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر ئۆمۈر باغۋەن بولۇپ تىكتىم كۆچەت پەس باغىدا،
ھەم نەزىم يازدىم قىېنىمدىن ئۆزگە شانىم يوق مېنىڭ.

ياشلىقىم ئۆتتى شۇ ئىشتا، يۈرىكىم كەتتى ھېرىپ،
چاچلىرىم ئاپئاق بولۇت ئوخشاشقا چامىم يوق مېنىڭ.

قانچە كۈن تۇرسام ياشاپ «ئەل چاكىرى» بولسام دېگەن—
بىرلا ئارزۇ پارلىدى، ئۆزگە قارارىم يوق مېنىڭ.

گەر مېنىڭ ۋاقتىم يېتىپ كىرسەم زېمىننىڭ قوينىغا،
تاپىنىم ئاستىغا قوي، باشقا دىيارىم يوق مېنىڭ.

## 21

دىلرابا، پىيالىدە گۈلگۈن چاينى تۇتتىلا،
چاينى ئوتلاپ بولغۇچە سىرلىق نىگاھتا كۈتتىلا.

بىلمىدىم، چاي بەرلىمۇ، چايدا جېنىمنى ئاللىمۇ،
چاي بىلەن ئوتلۇق يۈرەك، پىنھان كۆڭۈلنى ئۈتتىلا.

چايغا مەيلىمنى قوشۇپ سۇندۇم نىتەي پىيالىنى،
خۇش تەۋەززۇ ئىلكىدە ھەلقۇمغا چاينى يۇتتىلا.

شۇ دەقىق چاي رەڭگى تەپتى يۈزلىرىدۇر گۈل سۈپەت،
تۇن يېرىپ چىققان قۇياشتەك نۇرغا نۇرنى قاتتىلا.

مەھلىيا بولدۇم، ئارامىلىق بولمىدى كۆڭلۈمگە ھېچ،
نە بالا بولدى تاڭەي، باغرىمنى ئوتقا ئاتتىلا.

گۈركىرەپ ياندى ئىچىمدە شام - سەھەر سۆيگۈ ئوتى،
چاچقا ئاق چۈشكەندە ئاشىق بازاردا ساتتىلا.

ئاھ! نىتەي، سۆيگۈ - مۇھەببەت ياشقىمۇ باقمايدىكەن،
بىر يۈتۈم چاينى سۈنۈپ، جاننى ئەجەب قاقشاتتىلا.

سۆيگۈسىز يوقتۇر ھاياتلىق، سۆيگىدىن ئالەم گۈزەل،
بۇ ھەقىقەتنى ھەقىقلەشنى ئەجەب ئوخشاتتىلا.

22

ئەقىدەم، ئېتىقادىمسەن ئۆمۈرلۈك قەھرىمان خەلقىم،
ھاياتىم سەن بىلەن كۆكلەم يۈرۈشتە ئاشىيان خەلقىم.

بۈيۈكسەن - قۇدرىتىڭ چەكسىز مىسالى تەۋرىمەس بىر تاغ،
ھاياتلىق سەن بىلەن مەۋجۇت مۇقەددەس جانجان خەلقىم.

يارالدى سەن بىلەن ئالەم، جاھانغا شاھى - سۇلتانسەن،
يارالدى كۆپ ئاسايىشلىق شۇڭا بىز شادىمان خەلقىم.

ئۆچەر سەنسىز ھايات شامى، قۇرۇيدۇ ھەم ئەزىم دەريا،
ئىلاھسەن، ئەجىر - تەرىڭدىن قىبقىرساي باغۋاران خەلقىم.

قۇياشسەن، نۇر ئاتا قىلغان زىمىن - ئالەمگە تەڭداشسىز،
ئۆمۈر چەكلىك، ھايات چەكسىز، ھاياتقا پاسىبان خەلقىم.

ئۇزاق تارىخنى ئاختۇرسام نامايان بولدى ئەجدادىم،
ھىماتىم، قۇدرىتىم، بەختىم... ئۆزۈڭسەن مېھرىبان خەلقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغسەن، بىباھادۇرسەن ساڭا تەڭداش تېپىلمايدۇ،
سېنى مەڭگۈ ئۇلۇغلايمەن، ھامانە غالىبان خەلقىم.

## 23

قارىقىم قالدى ئۇيۇپ يۇرتۇم تېغى ـ دەرياسىدا،
زەپ گۈزەل سۇرەت مۇجەسسەم بىپايان سەيناسىدا.

تاڭ سەھەر بالقىپ قۇياش ئۇتلۇق نۇرىن تۆككەن چېغى،
سۇپسۇزۇك شەبنەم لىغىرلايدۇ گۈلى ـ لەيلاسىدا.

ئۇيىنىسا لەرزان ئۇسسۇل سانسىز ئېقىنلار مىڭغىشىپ،
ساز چالار دولقۇنلىنىپ تاغ كەلكۈنى دارىسىدا.

باغىسا گەر يامغۇر ـ يېشىن كۆكتىن تۈمەن مارجان بولۇپ،
كۆز چاقار گۈلگۈن شاراب گۈل بەرگىنىڭ ھۇجراسىدا.

گەر يىگىت دىل تارىنى مۇڭلۇق چېكىپ ئېيتسا غەزەل،
بىر جاھان ئىللىق ئېقىم پەيدا بولۇر رەناسىدا.

ھەر يىگىت ـ ھەر قىزدا سۆيگۈ جۇشقۇنى تاشقىن دېڭىز،
ئاقىدۇ كىندىك قېنى چۈشكەن يېزا ـ سەھراسىدا.

بىلىدۇ ئۇلار، مۇقەددەم سۆيگىدىن كۈلگەن ھايات،
سۆيگىدىن گۈللەيدۇ بارلىق بۇ ھايات دۇنياسىدا!

## 24

هاياتلىق باشلىمى كۆكلەم - باھار كەلدى،
سامادا تۇرنىلار لەپ - لەپ قاتار كەلدى.

تېرىلغۇ پەيتىنى دېھقان تۇتۇپ مەھكەم —
قىزىتتى ئىشنى ماڭلاي تەر ئاقار كەلدى.

ئېتىزدا مايسىلار كۆلدى بولۇپ رەڭدار،
دوغاپ سۇ باغرىنى يەرگە ياقار كەلدى.

كۆكىدىن بەلگىلىك مايسا، بولۇش ئاشلىق،
بۇ يىل كۈزدىن بېشارەتلىك تۇمار كەلدى.

ئېچىلدى لالە - رەيھانلار جىمى ياندا،
بېرىپ ئىشقىنى كاككۇك كۈي قاتار كەلدى.

جالا سالدى سۆگەت - تاللار، ياساندى ئۈز،
ياساپ پى - پى بوغۇنلار شوخ چالار كەلدى.

قىزىلگۈل بەرگى رەڭ ئالدى سەھەر - تاڭدىن،
يېزا - سەھراغا خۇش ئەنبەر چاچار كەلدى.

چېچەكلەر كۈلدى شاخلاردا ئەجەب غۇچ - غۇچ،
كېپىنەك، ھەرىلەر شىرنە ئالار كەلدى.

يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان قوزا، تايلار،
چىپىپ، تۇپراقنى ئاسمانغا ئاتار كەلدى.

ھاياتلىق باشلىمى كۆكلەم - باھار كەلدى،
گويا قىز مەغزىدەك گۈلگۈن ناھار كەلدى.

باھارغا ئاشنا شائىر ئىلىپ ئىلھام،
قەلەم ئالدى قولىغا زوق - ئىلھام كەلدى.

25

رەھبىرى بولساڭ خەلقىڭ ئەلگە باققان ياخشىدۇر،
ئوتىدا كۆيگەن، سۆيىدە بىللە ئاققان ياخشىدۇر.

دەردىگە دەرمان بولۇپ، شاد كۆلكىسىگە جور بولۇپ،
چۆشىنىپ ئەل قەلبىنى، ئەل - يۇرتقا ياققان ياخشىدۇر.

تىغ ئۇرۇپ نامرات، نادانلىق ئاپىتىگە ۋاقتىدا،
تۇغ بولۇپ ئەلنى يېتەكلەپ ئالغا چاپقان ياخشىدۇر،

ئەل ئەگەر قالسا تۇماندا يول تاپالماي تەمتىرەپ،
قەلبىنى مەشئەل قىلىپ يولنى يورۇتقان ياخشىدۇر.

كەلسە گەر راھەت - ئاسايىش ھەمدە مىڭ پاتمان جاپا،
ئەلگە راھەتنى بېرىپ، مۈشكۈلنى تارتقان ياخشىدۇر.

ئەل ئۇچۇن بولسا چاكار - قۇل ئۇنى راھەت، دەپ بىلىپ،
مۇھتەرەم ئەل - يۇرت ئۇچۇن شانلارنى قۇچقان ياخشىدۇر.

ئەل ئەگەر مۇشكۇل سەپەردە ھالىدىن كەتسە ھېرىپ،
جىسمىنى پەيتۇن قىلىپ ئۆزىنى قاتقان ياخشىدۇر.

ئەتىنى كۆزلەپ ھەمىشە خەلقىگە قۇد ياغدۇرۇپ،
ئەلنى باشلاپ ئەتىگە تاغلاردىن ئاشقان ياخشىدۇر.

**26**

گۇل كۆرۈپ ئۆستۇم زاكامدىن، قايتا گۇل كۆرگۇم كېلۇر،
ياشلىقىمدەكلا پۇراپ، لەۋلەر يېقىپ سۆيگۇم كېلۇر.

گۇل دېگەن رەڭدار تەبىئەتنىڭ گۇزەل خان تاجىسى،
قىپقىزىل گۇلنى يۇرەككە ئوخشىتىپ تىزغۇم كېلۇر.

ھەر سەھەر گۇل سەيلىسىدە ھېسلىرىمنى ئۇرغۇتۇپ،
گۇلدىكى شەبنەمنى يۇزگە مىڭ قېتىم سۇرگۇم كېلۇر.

گۇل ھىدى - يارنىڭ ھىدى مەلھەم بولۇپ كەتكەن تامام،
گۇل ھىدى مەستخۇشلۇقىدا شاد غەزەل ئېيتقۇم كېلۇر.

گۇلگە ئاشىق خۇشناۋا بۇلبۇل كەبى نەزمە تۇزۇپ،
شېئىر خۇمار خەلقىمنى ماختاپ دائىما يازغۇم كېلۇر.

www.uyghurkitap.com

گۈل دېگەن ئاتەش يۈرەكلەرنىڭ مۇقەددەس سىمۋولى،
گۈلنى گۈلدەك مۆھتەرەمگە سوۋغا قىپ تۇتقۇم كېلۇر.

گۈل ئېچىلسا ھەر باھاردا ياشلىقىمنى ئەسكە ئېپ،
ياش كۆڭۈلنىڭ زەۋقى قوزغالغان كەبى تۇرغۇم كېلۇر.

گۈلنى كۆرگۈچىلار كېلەمدۇ، دېگىنىڭ قانداق ئاكا؟
گۈل كۆرۈش دىل ئادىتى، ھەتتا قىسىپ يۇرگۇم كېلۇر.

گۈل كۆرۈش قەلبى ھۇزۇرى ئول ھوشۇرنىڭ دائىما
تاڭدىكى رەڭدار كېپىنەكتەك سۆيۈپ قونغۇم كېلۇر.

## 27

سەن ئۇلۇغ ئادەم، بىراق ئالداشنى ئادەت ئەيلىمە،
ئاي تۇرۇپ ئالدىڭدا، ئاي ياندىشنى ئادەت ئەيلىمە.

ۋەدىگە قىلماق ۋاپا ئادەمگە خاس خىسلەت پەقەت،
دىلنى يالغان تىل بىلەن بۇلغاشنى ئادەت ئەيلىمە.

گۈل نېمە، گۈلدىن گۈزەل سۆيگەن نىگارنى تەرك ئېتىپ،
گۈل سۇپەت ئازغان ـ تىكەن تاللاشنى ئادەت ئەيلىمە.

ئازغۇسى ئادەم دېگەن، شەيتان كىشىنى ئازدۇرار،
راستنى يالغان بىلەن بابلاشنى ئادەت ئەيلىمە.

ئادىمى بىر كەلدىمۇ قايتا تۆرەلمەك يوق پەقەت،
بىر ئۆمۈر يالغاندا جان ساقلاشنى ئادەت ئەيلىمە.

## 28

ئاي دەيدىكەن باشقىلار، سەن ئوخشايسەن ئۆزۈڭگە،
كۆزۈڭ نۇرلۇق بولاقتۇر، ئايمۇ چۆمگەن كۆزۈڭگە.

سەن قەلبىمنى يورۇتقان ئايدىن گۈزەل گۈلجامال،
تاش ئەينەككە قاراپ باق، ئىشەنمىسەڭ سۆزۈمگە،

كۆككە باقسام ئايدىمۇ سانسىز داغلار بار ئىكەن،
سەن غۇبارسىز گۈلسەنەم كۈنمۇ قايىل يۈزۈڭگە.

سەن تۇرغاندا يېنىمدا كۈندۈز گۈزەل، تۈن گۈزەل،
كۈندىن ئىللىق نۇر بېرەر قارا كۆزۈڭ كۆزۈمگە.

سۆيگۈم ئۈچۈن قاناتسەن، جىسمىمغا قان - هاياتسەن،
كۈنگە ئەنداز، ئايغا هەم سەن ئوخشايسەن ئۆزۈڭگە.

## 29

يېنىپ تۇرغان چوغمىسەن، مېهرىڭ ئىللىق نۇرانە،
پەرىلەرگە تۇغمۇسەن، ئاجايىپ ئۈز يىگانە.

چېهرىڭدە نۇر، لېۋىڭدە جىنەستىنىڭ ئەندىزى،
كۆزۈڭ چاقنار قۇياشتەك، مەن ئىنتىزار پەرۋانە.

ئىشقىڭدا تەن كاۋاپتۇر، تونۇردىمەن - ئوتتىمەن،
بوسۇغاڭدىن كېتەلمەي بولۇپ قالدىم دىۋانە.

ۋىسال قۇشۇم ئەگىيدۇ ئۆگزەڭدىكى پەغەزنى،
پەرۋازىم يوق ئۆزگىگە، سەن قەلبىمدە يىگانە.

ئەگىيمەنۇ ئەگىيمەن مەھەللەڭدىن كېتەلمەي،
مەي ئوتلىماي ئىشقىڭدا بولۇپ قالدىم مەستانە.

ۋىسالىڭغا تەشنامەن چىققىن جانان يېنىمغا،
بولۇپ قالاي ئۆمۈرلۈك ساڭا مۇشتاق دىلخانە.

30

ھەقىقەتتىن يارالغانمەن، ھەقىقەت تىلتۇمارىمدۇر،
تومۇردا جۇش ئۇرۇپ ئاققان قېنىم ھەم كۈچ - مادارىمدۇر.

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ لەززىتى بولماس،
ھاياتىم لەززىتى، پەخرى، ئۇ سۆيگەن دىلنىگارىمدۇر.

ھەقىقەت سۆزلىسەم بەزى قالارمەن مىڭ تاغار دەردكە،
شۇ دەردكە رازى بوپ ئۆتمەك، يۈرەكتە چىن قارارىمدۇر.

ھەقىقەتكە جىمى موھتاج، ئۇنىڭدىن ئەل روناق تاپقاي،
ھەقىقەت شۇ سەۋەب مەڭگۈ ئۆمۈرلۈك دىلخۇمارىمدۇر.

31

ئۆزۈڭگە ئوخشىساڭ ھازىر، قالارسەن ئوخشىماي دەمدە،
ۋاقىت ئۇ، شۇنچىلىك تېزكى، كۆرەلمەيسەن ئاشۇ كەمدە.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لاغايلاپ يورمە غاپىلىق ئىچىدە ھەر دەقىق ئىنسان،
قىلارسەن يىل ئۆتۈپ پۇشمان، ماجالىڭ قالمىسا تەندە.

ۋاقىت تۇلپارىغا مىنگەش، يوگەن سال نەۋقىران چاغدا،
«شۇكۇر» مەيخانىسىدا سەن بولۇپ قالماي نادان بەندە.

ئۆتۈپ ياشلىق، كېتىپ پۇرسەت، ئىكەك سالسا ۋاقىت بىر چاغ،
تىلەرسەن ئۆزگىدىن ئاش - نان، كىيىپ رەزگى كۇلا - جەندە.

ئىجاد، مېھنەتتە ئەر باتۇر، ئىجاد - مېھنەتتە ئەر كۆكلەر،
دېڭىزنى تىندۇرالايدۇ ئۇمىد بولسا ئەگەرچەندە.

شىجائەت شەمشىرى كەسكەي ئېگىز تاغلارنىمۇ بەلدىن،
ئەقىلنىڭ سۇيىدە شەمشەر سۇغارساڭ، بەلكى بىردەمدە.

ئۆگەن دوستۇم، بىلىم ئىزدە، نادانلىق كۆرمىسۇن بوينۇڭ،
ھايات ئەيىامىنى چىڭ تۇت، ۋاقىت گەر بولسىلا سەندە!

**32**

قەدىمىي ھەم گۈزەل ئاستانە — يىپەك يول قامۇسى قەشقەر،
مۇقەددەس شەھىرى سۇلتانە، گۈلى ھەم تاجىسى قەشقەر.

ئۇنى تەڭرىم يارانقانمىش ئېلىپ تۇپراقىنى زەردىن،
سۆڭەكلەرگە يىلىك مېھرى، كۆڭۈللەر خانىسى قەشقەر.

«سەمەرقەند ئالمىسى» دەيدۇ، نە ئالما، چېھرى گۈلخەندۇر،
جاھان سەيناسىدا مەشھۇر ئەزىزلەر ئانىسى قەشقەر.

چېلىشچان خەلقى مىڭ ئەلا، شاھىنشاھ - كاتتا خاقاندىن
جاھانكەزدى - قەلەندەرمۇ ئۇنىڭ پەرۋانىسى قەشقەر.

تېشى زەر، دۇررىمارجاندۇر، سۈيى زەمزەمگە تەڭ ئەسلى،
گىياھ - يانتاقلىرى دورا، ئانارنىڭ دانىسى قەشقەر.

ئۇنىڭ تۆت پەسلى ئايرىلغان خاتاسىز، بەك ئېنىق - روشەن،
ھاياتلىقچۇن ئېسىل جەننەت بەخت پەيۋەندىسى قەشقەر.

ئانا قەشقەر، ئەزىز قەشقەر، سۆيۈملۈك بەختىيار قەشقەر،
«جاھان رەنالىرى ئىچرە» يۇرەكنىڭ پارىسى قەشقەر.

33

بىر كۆرۈشكەندە نىگار كۆرسەتتى ھىممەت باغىنى،
ئىككى كۆرگەندە ئىما قىلدى مۇھەببەت تاغىنى.

ئۈچ كۆرۈشكەندە ۋاپا ھەم ئېتىقادى قانچىلىك،
دەپ، بېشىمدىن چاچتى ئۇستۇمگە قىزىق ئوت ياغىنى.

تۆت كۆرۈشكەندە پىراق رام قىلدى مەيلىمنى تامام،
سالدى بوينۇمغا سىناقنىڭ رىشتىسى - قىلتاغىنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەش كۆرۈشكەندە تۇتۇندەك كۆككە يەم بولدۇم تامام،
ياقتى ئوت جىسمىمگە كۇللى ياندۇرۇپ گۈلخانىنى.

ئالتە كۆرگەندە ئەقىدەمگە تامام قايىل بولۇپ،
قاش ئېتىپ - شەرەت بىلەن كۆرسەتتى ئەسرار چاغىنى.

يەتتە كۆرگەندە شاراب بەردى لېۋىدىن - جامىدىن،
مەست بولۇپ كۆردۇم شېرىن چۇش تەختىدە گۇلتاجىنى.

سەككىزى دىل تۆرگە چۇشتى ۋىسالىنىڭ سايىسى،
ۋادەرىخ! سالدى يۇرەككە ئاشىق خۇمارى — داغىنى.

توققۇزى كەلدى جاسارەت قان بولۇپ جىسمىم ئارا،
غەيرىتىم پەر قاقتى جۇشقۇن سايرىتىپ ئاسمانىنى.

ئون كۆرۈشكەندە نىگار ئىندەككە كەلدى بەتامام،
قانغۇچە ئىچتىم ۋىسالدىن سۆيگىنىڭ شارابىنى!

34

بىر نىگاھ تاشلاپ نىگار، ئىشقىڭنى پەيكان ئەيلىدىڭ،
تىپتىنچ قەلبىمگە سۆيگۈڭ چۇشتى غەليان ئەيلىدىڭ.

تەن سىماب بولدى ھاياجان لەشكىرى قورشاۋىدا،
لەرزىگە كەلدى يۇرەك، يۇزلەرنى گۈلخان ئەيلىدىڭ.

لەۋلىرىم تىترەيدۇ ياپراقتەك، سىياقىڭنى كۆرۈپ،
قوغۇشۇن ئېرىتمىدەك مېنى نىمجان ئەيلىدىڭ.

www.uyghurkitap.com

مەن گويا بۇلبۇل، سەمەندەر ئوت ئارا باغرىم يارا،
ئىنتىزارلىق تەختىدە قەلبىمنى خەندان ئەيلىدىڭ.

سەن بۇلۇت يارغان تولۇن ئاي، كۆزلىرىڭدە نۇر - زىيا،
نۇرغا لەۋ سوزغان گىياھمەن، دىلنى ئەتشان[1] ئەيلىدىڭ.

سەن ھامان قەلبىمدىكى قۇدرەت ئىلاھسەن، ئەۋلىيا،
مەنكى، زاھىت سەجدىگاھتا، كۇللى ئەفغان ئەيلىدىڭ.

مەن بىھوش مەجنۇن ئىرۇرمەن، گۇل ۋىسالىڭ ئىشقىدا،
ھەرقايان دەۋرەپ يۈرەرمەن چۈنكى، مەستان ئەيلىدىڭ.

## 35

بوسۇغاڭنى بىقىپ جانان، جامالىڭنى تىلەپ ئۆتتۇم،
خىيالىمنى سىنىڭ سۆيگۈ تېشىڭغا دەم بىلەپ ئۆتتۇم.

كۆزۈڭ گۇلخانىدا كۆيگەن سۇنۇق كۆڭلۈمنى تۈن ئىچرە،
كۆزۈم يامغۇرلىرىغا ھەم تېنىم تاپماي مىلەپ ئۆتتۇم.

ئىچىرقاپ چاك - چاك بولغان لېۋىم جانسىز قىمىرلايدۇ،
بۈيۈك يادنامىدەك ئىسمىڭنى تەكرار ھەجىلەپ ئۆتتۇم.

ناگاھ، تالغان پۇتۇم سۆرەپ بوسۇغاڭغا قويۇپ باشىم،
تىنەپ يۈرگەن پىغانلىق كۆي كەبى شۇ كەچ تۈنەپ ئۆتتۇم.

---

① ئەتشان — تەشنا

كېچەڭمۇ ئۆتتى كۈندۈز ھەم، خىيالىم چۆلدەرەپ سۈندى،
نىتەي، ئوتلۇق يۈرەكىمنى قىزىق تۈزغا چىلاپ ئۆتتۈم.

## 36

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا دىيار ناچۇغۇم،
قەلبى ئىللىق قۇياشتەك، قوينى باھار ناچۇغۇم.

كىم سۆيمەيدۇ، قەدىرلەپ تۇغۇلغان ئۆز يۇرتىنى،
مېنىڭ قەلبىم سەن ئۇچۇن كۆپ ئىنتىزار ناچۇغۇم.

پەرۋانىمەن سەن ئۇچۇن، سەن شام - چىراغ مەن ئۇچۇن،
كېچە - كۈندۈز مۇجەسسەم سەندە ناھار ناچۇغۇم.

ناچۇق ئۆستەڭ سۇلىرى ئابىھايات، قەنت - ناۋات،
بىر تامچىنىڭ قىممىتى يۈز مىڭ دىنار ناچۇغۇم.

سەي - كۆكتاتنىڭ ماكانى، مول ھوسۇلنىڭ ماكانى،
يېتىشتۈردىڭ قانچىلاپ دانا - شۇڭقار ناچۇغۇم.

تامچە سۇدا قۇياشنىڭ روشەن جۇلا - ئەكسى بار،
سەرخىل گۈلى ۋەتەننىڭ، ئەل بەختىيار ناچۇغۇم.

ھۆسنۈڭ گۈزەل - تولۇن ئاي، ئىشچان خەلقىڭ بولدى باي،
قەلبىمدە بار سەن ئۇچۇن كۆپ ئىپتىخار ناچۇغۇم.

ئىستىقبالىڭ قۇياشتەك، بەختىڭ نۇرلۇق ئاپتاپتەك،
قەددىڭ كۆككە تاقاشقان مىسلى چىنار ناچۇغۇم.

قاچان كەلسەم توپاڭدىن كىندىك قېنىم پۇرايدۇ
يازدىم شۇڭا سەن ئۇچۇن غەزەل ـ ئەشئار ناچۇقۇم.

## 37

بارمىدۇ ئالەمدە سەندەك مولچىلىق ئاۋات بازار،
ئادىمى يۇلتۇز كەبى كۆپ، دائىما ئويغاق بازار.

بوتكىلار ئازادە، رەتلىك، يوللىرى ئەينەكسىمان،
كىشىلەر دوستانە، قەلبى، سۆزلىرى قايماق بازار.

تېپىلار يىلان پۇتى ھەم توخۇ سۇتىدىن بۆلەك،
ھەممە نازۇنېمىتى مولدۇر، ئەجەب ئويناق بازار.

تەمى تاتلىق مانتىسى، پەرمۇدىسى، كاۋاپىنىڭ،
سارجا، شايى ـ ئەتلەس، شىپۇن، سوكنىسى سانجاق بازار.

ئۇن، گۇرۇچ، ياغ، گۆش دېگەننىڭ سانى چوتقا پاتمىدى،
ئات، ئېشەك، قوي، ئۆچكە، توپاقلار سېمىز ـ بورداق بازار.

ئۇنداق قوغۇن، مۇنداق تاۋۇز، نەشپۈتى خۇددى ھەسەل،
زىبۇزىننەتلەر ھېسابسىز خۇددى بىر ئاسمان بازار.

تارتىدۇ زوقىڭنى ئۇنئالغۇ يەنە سىن ئالغۇلار،
شوخ ئېقىندەك خۇشناۋا، خىل ناخشىلار ياڭراق بازار.

مەيلى دۇڭجىلىڭ، مەيلى پارىژ... نىڭ چېتى - سەھراسىدا،
بارمىدۇ نېمەتكە تولغان كەڭ زېمىن، شۇنداق بازار؟

ئەي، سېرىقبۇي ① بازىرى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ، قانمىدىم،
سەن ئورۇن ئال قەلبىمىزنىڭ تۆرىدىن قايناق بازار.

38

جېنىم ئانا، سەن دەرەخ، مەن ياپيېشىل ياپراقمەن،
سەن كەڭ زېمىن ھوسۇللۇق، ئالقانچىلىك تۇپراقمەن.

ئەزىم دەريا سەن ئۆزۈڭ، مېھرىڭ قاينام ئۆركىشى،
بۇژغۇنىڭدىن ياشارغان مەن چىمەنزار قىرغاقمەن.

سەن قۇياشسەن دىللارنى ئاپتاپ قىلىپ يورۇتقان،
مەن ئالدىڭدا ناتىۋان، خىرە يانغان چىراغمەن.

سەن قىزىلگۈل باغدىكى — جىمى گۈللەر سەرخىلى،
مەيلى مەنكى شاھ بولاي، ئالدىڭدا ئوت - قىياقمەن.

ئالتۇن جامسەن ئەزىزىم ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك،
مەن خۇمداندا پىشمىغان ئاددىي ساپال تاۋاقمەن.

سەن مۆتىۋەر سۇلتانىم، بەختىم، قىبلەم، يۆلەنچىم،
تاھارىتىڭ سۇيىچۇن ئوقچۇپ تۇرغان بۇلاقمەن.

---

① مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزا بازىرى.

ئۆمرۈڭ ئۇزاق، تېنىڭ ساق بولسۇن ئانا بەختىمگە،
جايىنامازدا دۇئاغا قول كۆتۈرگەن بوۋاقمەن.

## 39

كەلدى نورۇز، ئىللىدى يەر، كۈلدى بوستانلار بۈگۈن،
كۆك تېرىپ تۈگدى چۆچۈرە قىز ۋە چوكانلار بۈگۈن.

تاغدىكى مۇز كۆكسىدىن تۈگۈلۈك ئېچىلدى بەتامام،
قانچە ئەگۈزلەر مۇجەسسەم، ئاقتى قىيانلار ھەم بۈگۈن.

يۈز يېقىشتى سۇ بىلەن، ئىمجان قىياقلار جانلىنىپ،
لەۋ ئېچىپ كۈلدى يېقىملىق لالە - رەيھانلار بۈگۈن.

گۈل لېۋىدە شوخ تەبەسسۇم پارلىدى يارقىن جۇلا،
ياپيېشىللىق قۇچتى يەرنى يايرىدى جانلار بۈگۈن.

كۆكتە ئاي ئەگىم قېشىدىن تۆكتى يەرگە نۇر - زىيا،
بۈك دەرەخلەر سايىسىگە چۆكتى مەستانلار بۈگۈن.

خۇددى بەتلەنگەن سادافتەك تۈرنىلار كەلدى قاتار،
يەڭ شىمايلاپ كەڭ ئېتىزغا چىقتى دېھقانلار بۈگۈن.

تاغدا كەكلىك، باغدا كاككۇك، كۆكتە قارلىغاچ شادىمان،
سايرىدى بەس - بەستە ئاشىق قەلبى خەندانلار بۈگۈن.

چۈشتى كۆكتىن ئۇشبۇ نورۇز ئېشىغا داخىل بولۇپ،
كۆك قىزى — ئالتۇن قۇياش ھەم نۇرى چولپانلار بۈگۈن.

هەر تەرەپتە قۇردى بەزمە بارچە نورۇز ئەھلى جەم،
كەلدى ئىلھام، يازدى شائىر نەزمە - داستانلار بۈگۈن.

## 40

سۈبھى تاڭ، كۆز چاقنىتىپ نۇر بالقىغان چولپان گۈزەل،
ياپيېشىل كۆڭلەككە يۆلتۈز تاقىغان ئاسمان گۈزەل.

كۈن يورۇپ چىقتى، دېڭىزدىن ئۆرلىگەن ئوت شارىدەك،
يەر - جاھان چۆمدى شەپەق نۇرغا ئەجەب گۈلخان گۈزەل.

بىخ سۈرۈپ چىقتى سۆگەت - تال نوتىسى قۇدرەت بىلەن،
دىلغا زوق ئەيلەپ ياشارغان بىغۇبار بوستان گۈزەل.

باغ ئىچى قەلبىمگە تالىق ياش چېچەك شاخ بەرگىدە،
لەۋ يېرىپ كۈلگەن چېچەكلەر جىلۋىسى چەندان گۈزەل.

نازى كەم قىزنىڭ جۇۋاندىن، قىز بىراق دىل ئاشىقى،
قىز كۆزى ئىزدەپ ۋىسال شوخ كۈلكىدە باققان گۈزەل.

نەۋقىران ئەر خۇددى بۈركۈت كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن،
جىسمىدىن تەپچىيدۇ قۇدرەت، تەرىدىن ھەريان گۈزەل.

بوۋىلار ئېيتقان: ھايات - ئۆمرۈڭدە ياشلىق بىباھا،
چوغ سۈپەت ياشلىق بىلەن بۇ يەر - جاھان ھەرئان گۈزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 41

قۇي قېنى ساقىي شاراب مەي جامىغە،
مۇپتىلا بولدۇم ئىشق دىشۋارىغە.

كىردى بىر ئايدەك پەرى ئوتلۇق بېقىپ،
ناتىۋان كۆڭلۈم تۆرى - ئايۋانىغە.

ئايلىنىپ كەتتى تامام جىسمىم مېنىڭ،
گۇركىرەپ ئوت يانغىنى - گۈلخانىغە.

قوغۇشۇن ئېرىتمىسى بولدى يۈرەك،
توك مېڭىپ كەتكەچ تومۇر - زىل تارىغە.

ئۇيقۇدىن بىدارىمەن شامۇ سەھەر،
كۆزلىرىم بولدى بەسىر ۋىسالىغە.

ئاھ! دېسەم، پۈركۈيدۇ ئوت ھەربىر تىنىق،
گۈللىگەن ياشلىق بېغىم گۈلزارىغە.

غەم بىلەن بولدۇم تولۇقتاش ئاستىدا،
ئىشق ئوتى خامانىنىڭ پايخانىغە.

دوستلىرىم دەيدۇ مېنى رەڭگىڭ سامان،
ئايلىنىپ قاپسەن تۇگەل بىمارىغە.

بىر دەقىق بولسۇن شىپا گۈلگۈن شاراب،
يەتكۈچە دەردىم ئىشق سۇلتانىگە!

## 42

تاۋلىنىپ خەنجەر بولۇپ چىقتىم كۆزۈڭ يالقۇنىدا،
سۇغىرىپ ئالدىڭ جېنىم مېھرىڭ سۈيى دولقۇنىدا.

ئۇلىدىڭ رىشتىمنى رىشتىڭگە ئۈزۈلمەس، چىڭ قىلىپ،
يېشىلىپ كەتمەس ئەبەدكە چاڭ - توزان ئۇپقۇنىدا.

ساڭا بولغان ئېتىقادىم قانغا سىڭدى ئەي جانان،
ئازدۇرالماس مېنى شەيتان سۆيگىنىڭ غولغۇنىدا.

بىسلىرىم كەتمەس يېنىپ، يارسام توسالغۇ باغرىنى،
توختىماس، كەسسەم تېۋىلغۇ ھەمدە چۆل يۇلغۇنىدا.

سەن ۋاپا قىلساڭ ئۆمۈرلۈك دادقا يەم بولماس تىغىم،
دىل بىغىم بولماس خازان، بەلكى جۇدۇن سولغۇنىدا.

## 43

ھاياتلىق بىر ئەزىم دەريا، چېپىپ تۇرساڭ چېمى پۈتمەس،
نەپەس چاپماي بىخۇد تۇرساڭ چۇشەر لاتقا - لېيى پۈتمەس.

ھاياتلىق قوۋمى ھەرىكەتتە، ئۇنىڭ يادروسى ئادەمدۇر،
يۈرەك ھەرىكەتتە دائىملىق، ئۇ ئادەمنىڭ دېمى پۈتمەس.

www.uyghurkitap.com

شۇ دەم - قۇتلۇق نەپەس بىرلە ھاياتلىق گۈلباھار پەسلى،
لېكىن، بىردەم ۋىسال تاپسا يەنە بىرنىڭ كېمى پۈتمەس.

شۇ كەمنى تولدۇرۇش ئىستەك، كىشى ھەرىكەتتە دائىملىق
ئۆزۈلمەي تامچىلاپ تۇرغان شۇ ئىستەكنىڭ غېمى پۈتمەس.

ھاياتلىق شۇ سەۋەب گۈلگۈن ئۆزۈلمەس بىر ئەزىم دەريا،
ئىجاد - ئەمگەك ئۇچۇن تۆككەن ھالال تەرنىڭ نېمى پۈتمەس.

كىشى ئۆمرى - ھاياتلىقتا پەقەت بىرتال قىزىلگۈل، بەس،
داۋاملىق گۈل ئېچىپ تۇرغان ھاياتلىقنىڭ بېغى پۈتمەس.

ھاياتلىق شامى نۇر چاچسا بولۇر گۈل مەڭگۈگە ئالەم،
كۆيۈپ ئۆچكەندە بىر تال شام، يانار مىڭلاپ شېمى پۈتمەس!

**44**

ئايال دەيمىز يېرىم دۇنيا، پۈتۈن دۇنياغا تالىقتۇر،
ئاياللار بار، جىمى ئۆيدە گۈزەل جەننەتمۇ بارلىقتۇر.

ئايالسىز ئۆي - بورانلىق ئۆي، كۆڭۈللەردە خىرامانلىق،
خىزىردەك ئەر ئۇچۇن مۇشكۈل، ئازابلىق مىسلى خارلىقتۇر.

ئوچاقتا ئوت قالانمايدۇ، تۆشەك ئوبدان سېلىنمايدۇ،
كۆلۈپ تۇرغان چىرايلار يوق، بۇ ئەرگە بىر جازالىقتۇر.

ئايال بار نەۋرە - پەرزەنت بار، خۇشاللىق ئەۋجىدە ئۆيمۇ،
بىغىنىڭ، هويلاڭدا شاد كۈلكە، ئۇ ئۆي گويا بازارلىقتۇر.

ئايالسىز غەم باسار دىلنى غېرىبلىق ئىلكىدە هەردەم،
ۋاپادار غەمگۇزارىڭ يوق، جىمى ئەتراپ مازارلىقتۇر.

نادان - ياشلىقتا بىلمەيسەن، ئايالنى كۆزگە ئىلمايسەن،
ياشانغاندا قېلىش يالغۇز، كۆڭۈلگە كۆپ ئازارلىقتۇر.

ئايالسىز هۆر هاياتلىق يوق، جاهاندا شوخ قاناتلىق يوق،
باسار ئالەمنى غەم - غۇسسە جىمىگە بىر جازالىقتۇر.

**45**

دىنارغا ئالغىلى بولماس ئەقىل - زېهىن - پاراسەتنى،
يېتىشتۇرمەك بەسى مۇشكۇل كېرەكلىك بىر ماهارەتنى.

نىشانغا ئۆرلىمەك خۇددى قۇدۇقتىن ئاينى سۇزگەندەك،
قىلىش جارى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادە هەم شىجائەتنى.

ئەقىدە ئىلكىدە قادىر كىشى هەر ئىشقا چىڭ تۇرسا،
يىلى بوشلار قالار يولدا قىلىپ هەمراھ خىجالەتنى.

كىمىكى شۈكرىگە مۇشتاق قانائەت بىرلە جان باقسا،
چېكەر تەهقىق هاياتىدا پۇشايمان هەم رىيازەتنى.

قاناتى قاتمىغان كەپتەر چىقالماس كۆككە پەرۋازغا،
بولۇر يەم بەلكى قۇزغۇنغا كۇتۇپ ئەجەل - ھالاكەتنى.

ئىرادە بىر قانات بولسا، پاراسەت زور ماھارەت - كۈچ،
تىرىشقانلار يېتەر جەزمەن تېپىپ نۇسرەت - شاراپەتنى.

بىلىمنى باغلا! ھەي ئىنسان، نىشانغا ئۆرلىمەك بولساڭ،
يېتىشتۇر زور تىرىشچانلىق بىلەن زېھنى كامالەتنى!

**46**

گۈزەل ياشلىق قۇچاغىڭغا ياناي ئەمدى دېسەم سەن يوق،
قۇياشتەك نۇر جامالىڭغا قاناي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

يېشىم ئاتمىشقا ئۇلاشتى كۆزۈم نۇرىمۇ تولاشتى،
بولۇپ تولپار سەپەرلەردە چاپاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

ساماغا ئۆرلىگەن قۇشتەك، سەبىي ياشلىقتىكى چۈشتەك،
خىياللار ئىلكىدە كۆڭلۈم ئاچاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

ئەجداد باغىدا قىرىق بەش يىل ئۆتۈپتۇ مەن ساناپ باقسام،
تەرىمدىن ئەلگە خوش ئەنبەر چاچاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

بىلىم رۇسلاپ تورالمايمەن، غۇلاچ تاشلاپ ماڭالمايمەن،
ئېلىپ قوللارغا گاڭ كەتمەن چاپاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

دەرىخ! ياشلىق مۇرادىڭغا قېنىپ بولماي ئۇزاپ كەتتىڭ،
سېنى چىللاپ يېپەكتىن تون ياپاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.



www.uyghurkitap.com

گۆدەكلىك ھەم نادانلىقتا بىلەلمەي قاپتىمەن ياشلىق،
يېتىپ قەدرىڭگە باغرىمنى ياقاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

تېپىلماس بىباھا قۆتسەن، يېنىپ تۇرغان ئۈلۈغ ئوتسەن،
بۇگۈن ئەقلىمگە تولغاندا تاپاي ئەمدى دېسەم سەن يوق.

## 47

نىتەي، قەلبىمدىكى دەردىم كۆزۈمدىن ياش بولۇپ چىقتى،
نە تاشكى، سوغدا مۇز قاتقان كرىستال تاش بولۇپ چىقتى.

بوسۇغاڭ ئالدىدا ساقلاپ گويا ھەيكەل بولۇپ قاتتىم،
جامالىڭ سۈرىتى قەلبىم ئارا قۇياش بولۇپ چىقتى.

خىيالىم ساڭا چىرماشتى كۆزۈمدە گۈلجامالىڭ بار،
يوچۇقتىن بالقىغان شولا ماڭا يولداش بولۇپ چىقتى.

ھاياتلىق سەركىسى سۆيگۈ يەنە كۈچ بەردى ئەقلىمگە،
نەپەستىن چاچرىغان خۇش ھىد ئەجەب دىلداش بولۇپ چىقتى.

لاغىلداپ تىترىگەن جىسمىم شۇ دەم ئاتەشكە قاقلاندى،
تومۇزنىڭ ئاپتىپى يەڭلىغ ئوتۇڭ سىرداش بولۇپ چىقتى.

تىزىمغا كەلسىمۇ قار - مۇز، چېكەمدىن ئاقتى قىزىق تەر،
كۆزۈم قاراقىدا جىسمىڭ ۋىسال قولداش بولۇپ چىقتى.

«ئانام يانىمدا بار» دەپسەن، تومۇردا ئۇرغىدى قانىم،
قىشىمغا چىقمىساڭ مەيلى، نىيەت ئوخشاش بولۇپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

## 48

سېنىڭ دەردىڭ ياماق بولماس مېنىڭ دەردىمگە ئالقاندەك،
تامام ئىمجان بولۇپ قالدىم جېنىمنى بىرسى ئالغاندەك.

خۇمارىم ئورنىنى باسماس ئۆزۈمنى مەي بىلەن يۇسام،
تېنىمدە ھېچ مادارىم يوق ئۆزۈن يوللاردا ھارغاندەك.

ئىگار كەتتى يىراقلارغا، مېنى تاشلاپ يىراقلارغا،
ئىتەي، ئەمدى يۈرەك پىژ - پىژ، گويا خۇمدانغا سالغاندەك.

ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەمدى نەچارە؟
غېرىبسىندىم يېتىم باچكا كوۋۇكتا ئۆزى قالغاندەك.

ئېزىقاپ، ئەركىلەپ كەلسە مېنىڭدەك ئەر تېپىلماس، دەپ
يوغان چاغلاپتىمەن ھەي - ھەي، ئۆزۈم دۇمباقنى چالغاندەك.

چوكاسى بولمىغان دۇمباق ئاۋازسىز بۇنقا ئوخشاشكەن،
بىلەلمەي قاپتىمەن باشتا، ئەقلىدىن شۇندا ئازغاندەك.

ھاياتنىڭ لەززىتى شۇكەن، ۋاپادارغا ۋاپا قىلماق،
بولۇپ قالدىم ۋاپاسىزنى جاپا مىڭ مەررە ئۇرغاندەك.

## 49

سەن كېچە، ئۇيقۇڭدا ياتساڭ مەن كېلىپ كەتكەنىدىم،
يۈرىكىڭنى يۈرىكىمگە مەن سېلىپ كەتكەنىدىم.

شۇ سەۋەب «ئوغرى» دېدىڭسەن، غەم بىساتى ئىلكىدە،
ئوغرى بولسا نە پۇشايمان، مەن بىلىپ يەتكەنىدىم.

ئېرىشىپ ئاشىق يۈرەككە قۇت بىلەن تاپتىم نىجات،
تەن قۇرۇق قالدى سېنىڭدە، جان ئېلىپ كەتكەنىدىم.

قانچە يىغلاپ قاقشىساڭمۇ ئەمدى بەرمەيمەن ساڭا،
باشتىلا بىر سەن ئۆچۈن مىڭ جان قېقىپ كەتكەنىدىم.

سەنمۇ ئىز قوغلاپ مېڭىپ چۆللەرنى ئىزدە، باغقا كىر،
«ئوغرى» دە يا «توغرى» دە، مەيلىڭ، بىلىپ كەتكەنىدىم.

سەن بىلەن بىللە ئۆتۈشنى گەر خۇدا قىلسا نېسىپ،
قايتۇرۇشقا شۇ مىنۇت مەن ئانت ئىچىپ كەتكەنىدىم.

**50**

«ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ» مەن جامالىڭنى كۆرەي،
تىل دېگەن دىل ئەينىكى پىكرۇخىيالىڭنى كۆرەي.

كۆزلىرىڭ نۇرلۇق بولاقتۇر، كىرپىكىڭ شەمشەر مىسال،
سانجىلىپ چىققاندا جانىم تىل - زۇۋانىڭنى كۆرەي.

گەر ئىچىڭ ئاغرىپ نىگار كەلسەڭ قېشىمغا ناز بىلەن،
تەنگە جان كىرسە ئەجەب ئەمەس، لەبى جامىڭنى كۆرەي.

گەر ھاياجانغا كېلىپ چىقسا كۆزۈڭدىن تامچە ياش،
سۆيگىنىڭ زەم - زەم سۈيى، دەپ چىن ۋاپايىڭنى كۆرەي.

تىل بۆلەك، قەلبىڭ بۆلەك بولسا ئەگەر، مەن شۇ [illegible]—
بىۋاپانىڭ ئىشقىدا كۆيگەن دىدارىمنى كۆرەي!

## 51

گۈزەل ياشلىق ئۆتۈپ كەتتى، يېشىم ئاتمىشلىدىن ئاشتى،
دېۋەڭ چاغلار تۈگەپ ئەمدى بېسىق كۈنلەر ماكانلاشتى.

يۈرەكتە ھۆر باھار پەسلى، يۈرەك ئەسلىي قۇياش نەسلى،
تېنىمدە ئوت - ھارارەت بار، پىغانلىق كۈن ۋىدالاشتى.

كۆڭۈل يايرايدۇ شادلىقتىن، يۈرەك ئوينايدۇ شادلىقتىن،
كېلەچەك دىلبىرى خۇشخۇي كۈلۈپ ئىللىق قۇچاق ئاچتى.

دىلىم پەيكان، بىراق گەۋدە، بەجايى ياغا ئوخشايدۇ،
ئەقىل - زېھنىم يېتىلگەندە، بەدەندىن كۈچ - قۇۋۋەت قاچتى.

يەنە قايتقۇم كېلۈر ئۆتتۈز يېشىمغا گەر نېسىپ بولسا،
گويا گۈلخان بولۇپ ئارزۇ يولۇمغا نۇرىنى چاچتى.

نىتەي، مۇمكىن ئەمەستۇركى، ئۆمۈر كەينىگە يانمايدۇ،
بىراق، قەلبىمدىكى يالقۇن ئىجاد بىرلە قۇچاقلاشتى.

شۇڭا قىلچە پۇشايمان يوق، بىراق مەنزىلگە كۆز تىكتىم،
ئىجادقا مەھلىيا ئىشقىم ئوتى ئۆمرۈمگە ياماشتى.

## 52

كىشىدە بولمىسا ئارزۇ پاساھەت بولمىغاي ئۇندا،
ئۇنى غەمنىڭ تىغى چاپقاي ھىدايەت بولمىغاي ئۇندا.

ئۇلۇغ ئارزۇ ئۇزۇلمەس زور ئېقىن دەرياغا ئوخشايدۇ،
تومۇردا ئاقمىسا قاندەك كامالەت بولمىغاي ئۇندا.

بىلى بوشنىڭ غېمى يوقتۇر، سەۋەب ئارزۇغا قىزىقماس،
كۆنى ئۆتكەنگە مىڭ شۇكرى، شىجائەت بولمىغاي ئۇندا.

قولىدىن ھېچ نېمە كەلمەس، ئۆلۈكتىن قىلچە پەرقسىز ئۇ،
جاھالەت دارىغا مەھكۇم، جاسارەت بولمىغاي ئۇندا.

كىشى ئارزۇنى يار قىلسا، ئۇنى قەلبىگە جا قىلسا،
تالانت تەختىدە سۇلتان ئۇ، جاھالەت بولمىغاي ئۇندا.

قولىدىن گۈل ئۇنەر ھەردەم ئىشى بەرىكەت بىلەن تولغاي،
ياشار ئارزۇغا يەتمەكچۈن خىيانەت بولمىغاي ئۇندا.

ھاياتسەن، ئەي ئۇلۇغ ئىنسان، ياشا ئارزۇغا مۇشتاق بوپ،
ئىشىڭ تاپقاي روناق پۈتكۈل، خىجالەت بولمىغاي ئۇندا.

## 53

باھارنىڭ يامغۇرى زۇمرەت، گىياھلارنى يۇيۇپ قويدى،
چىمەنلەر بەرگىگە يامغۇر سۈيىدىن گۈل ئويۇپ قويدى.

ھاۋا ساپلاشتى زۇمرەتتەك تۇزانلار تارقىدى بىردىن،
دىماغلارغا گۈلى رەيھان ھىدىنى لىق قۇيۇپ قويىدۇ.

يېشىل دۇنيا، يېشىللىقنىڭ مۇجەسسەم جىلۋىسى پەيدا،
كۆزۈمدە مىڭ جۇلاسى بار پېشانەمگە سۆيۈپ قويىدى.

قىزىل ئەترە، قىزىلگۈل جامىدا گۈلگۈن شاراب پەيزى،
لىغىرلايدۇ شەپەق رەڭلىك، مېنى ئىچ، دەپ سۇرۇپ قويىدى.

قۇياش يۈز ئاچتى — ئەلۋەك نۇر بۇلۇتلۇق پەردىنى قايرىپ،
چىمەنلەر مەڭزىدە شولا، باھارغا شوخ كۈلۈپ قويىدى.

ئېرىق - ئۆستەڭدە قىزغۇچ سۇ، سىغىز تۇپراققا خوپ ياقتى،
زېمىن سۇلتانى - دېھقانلار يېڭىنى چىڭ تۇرۇپ قويىدى.

باھارنىڭ يامغۇرى ياغقان سەھەر مەن ئويغىنىپ چىقسام،
لىرىك ئىلھام پەرىسى شوخ كۈلۈپ دولغا ئۇرۇپ قويىدى.

## 54

بىر ئېرىق سۇدىن ئۆتۈپلا مەن دېڭىز كەچتىم دېمە،
«ئا» بىلەن «ب» نى بىلىپلا پەن سىرىن ئاچتىم دېمە.

جىنچىراغنى ياندۇرۇشقا ماي، پىلىك ھەم ئوت كېرەك،
بىر پىلىك ئەشمەي تۇرۇپلا مىڭ پىلىك ئەشتىم دېمە.

كونا ئۆرىق جوغىسىدىن كۆز قىسىپ كۆككە بېقىپ،
كەڭرى ئاسمان بوشلۇقىدىن مىڭ تۆشۈك تەشتىم دېمە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ھاياتنىڭ يوللىرى بەكمۇ ئۇزۇن، ئەگرى - توقاي،
بىر داۋان ئاشماي تۇرۇپسەن كۆپ جاپا چەكتىم دېمە.

گەر يېتۈك بولماقچى بولساڭ سۇنى كەچ، تاغلارغا چىق،
مول بىلىم ئالماي تۇرۇقلۇق ۋايىغا يەتتىم دېمە.

## 55

ئادىمىنىڭ زىننىتى كۆز، ئۇ گۈزەللىك شاھىدۇر،
كۆز قۇياش بولسا ئەگەر، رۇخسار مىسالى ماھىدۇر.

كۆز - قەلبىنىڭ ئەينىكى، ھەتتا كۆڭۈلنىڭ ئەلچىسى،
تۈن بىلەن نۇرلۇق سەھەرنى پەرق ئېتىش مىزانىدۇر.

يۈز ئەگەر ئالتۇن ئۈزۈك بولسا، كۆزۈڭ ئالماس مىسال،
قارىقى بىر پارچە چوغدەك ماس كېلەر دۇردانىدۇر.

جۈپ كۆزۈڭ قوشماق بۇلاق، كىرپىكلىرىڭ تال - تال قىياق،
قارا كۆزگە مەرد يىگىتلەر ھەردەقىق مەستانىدۇر.

ئاھ! نىگار، ئويناق كۆزۈڭنىڭ خىسلىتىدىن ئۆرگىلەي،
ھەرمەھەل باقسام كۆزۈڭگە دىل يورۇق چولپانىدۇر.

## 56

چۆل ئارا ياشنايدۇ يۇلغۇن چۆل بىلەن سىرداش بولۇپ،
چېچىكى ئوتلۇق شەپەققە ھەرمەھەل قانداق قەلب.

غوللىرى مەزمۇت ـ چىدامىلىق، يىلتىزى چوڭقۇر ـ تېرەن،
ئۇ ئورۇن ھەم تاج تالاشماي ئۆسىدۇ سۇڭداش بولۇپ.

ئۇ دەرەخلەر بوۋىسى ـ مەۋجۇت دەرەخلەردىن بۇرۇن،
ئۇ ياشايدۇ قىزدۇرۇلغان قومىلىغا رەڭداش بولۇپ.

سوقسا بوران، ياغسا قار ـ مۇز··· تەۋرىتەلمەيدۇ ئۇنى،
قاغجىراق چۆلنى ھاپاشلاپ ياشىرار بەرداش بولۇپ.

ئۇ خەلقىنىڭ روھى بەلكى، ئۇ خەلق سىيماسىدۇر،
ئۇ تۇرار مەڭگۈ ھاياتلىق شامىغا تەڭداش بولۇپ.

## 57

ئىگەم، كۆڭلۈمگە مەلھەم بەر، جىمى شەيتانلىدىن ئايرىپ،
غەرەز ـ غۇملار بىلەن تولغان نىجىس يالغانچىدىن ئايرىپ.

كىيزىكتىن ئەمدىلا قوپقان تېنى ئاجىز بىمارلاردەك،
ئاران تۇرسام، قويۇۋەرگەن رەزىل ئالۋانچىدىن ئايرىپ.

كۆڭۈل تۈزلۈك بالا بولدى، يۈرەككە خۇن، يارا تولدى،
قۇرۇق سۆلكەتنى يار تۇتقان نادان ئالدامچىدىن ئايرىپ.

ئىناق دوستلار ئارازلاشتۇق ئاراغا شۇم تىكەن ئۈندى،
تىكەننىڭ ئۇرقىنى ساتقان يامان مالمانچىدىن ئايرىپ.

شېرىن سۆزلۈك خېنىملاردەك ئۆتۈپ نازۇك، نادان كۆڭلۈم،
چېقىمچى، پىتنىخور، ناكەس سەتەڭ غەلىيانچىدىن ئايرىپ.

نادانلىقنى جاكار قىلغان، بىلىمگە دىلنى زار قىلغان،
كۆلاھۇ جەندىگە ئاشىق قۇرۇق پايخانچىدىن ئايرىپ.

بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن مەقبۇل، قەلب جامىمغا مەي توللا،
كۆڭۈلنى تىنچ - ئامان ئەيلە، يامان يالغانچىدىن ئايرىپ.

## 58

مىسالى كۆكتىكى ئاينى ئۈزۈپ ئۆگزەڭگە قوندۇرسام،
سېنىڭ ئالدىڭدا شۇ ئاينىڭ نۇرىنى چورتلا سۇندۇرسام.

لېۋىڭ جامىغا مەي لىقلاپ بېرەمسەن دىلغا ئۇسسۇلۇق،
ۋىسال ئىشقىڭدا كۆيگەن ئوت بولۇپ كۈننى چوقۇندۇرسام.

خىيالىم تۈگمىنى كۈن - تۈن سېنىڭ مەلەڭدە ئايلاندى،
قەلب ھۇجرامغا نۇر بەرگەن ئىشق شامىڭنى ياندۇرسام.

چىناردەك قامىتىم - بەستىم ئوتۇڭدا كۆيدى يا بولدى،
ئېچىڭ ئاغرىپ قالار بەلكىم، سۆيىڭدە ئۇنى ئاقتۇرسام.

ۋاپاسىز بولمىساڭ جانان، بېشىمغا تاج بولۇپ قونغىن،
ئۆلەيكى، قۇت ئاتا قىلماي، ۋاپادا قىلچە چاندۇرسام.

## 59

يۈرىمەن يوللار بويى كۆلبەڭنى ھەرياندىن سوراپ،
ئول مۇبارەك ئىسمى - زاتىڭنى جىمى جاندىن سوراپ.

يادلىدىم خىسلەتلىرىڭنى خۇددى قۇرئان - سۈرىدەك،
ئىلتىجا قىلدىم ئېزىپ كەتمەسكە شەيتاندىن سوراپ.

تاڭ بىلەن ئاسمانغا چىقتىم نۇرنىڭ يېپىغا يامىشىپ،
تۇن بويى كەزدىم ساما، ئاي ھەمدە چولپاندىن سوراپ.

ئىزچى بولدۇمكى، زېمىندا چۆل - باياۋان قالمىدى،
سايرىدىم كاككۇكنى دوراپ، گۈللى بوستاندىن سوراپ.

كۆزلىرىم بولدى بەسىر جەننەتكە كىردىم ئاختۇرۇپ،
گۆركىرەك دوزاخقا باردىم ئوتى - گۈلخاندىن سوراپ.

سۈرىتىڭنى سىزدۇرۇپ ئاستىم شەھەرگە - رەستىگە،
ئايلىنىپ چىقتىم يالاڭياق رەستە - مەيداندىن سوراپ.

سۇ بولۇپ ئاقتىم ئېتىزغا مايسىلارنى ياشنىتىپ،
كۆرمىدىم ۋەسلىڭنى جانان بارچە دېھقاندىن سوراپ.

ئاھ! نىتەي، بولدۇم قەلەندەر، گۈل ۋىسالىڭ دەردىدە،
گۈلسەنەمنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن غېرىبجاندىن سوراپ.

ئاخىرى تاپتىم سېنى پىكرىم - خىيال پەرۋازىدىن،
سۆيگىگە مۇشتاق كۆڭۈل ئىلھامچى جاناندىن سوراپ.

**60**

تۇغۇلغاندا ئوغۇل پەرزەنت، چىرايلار كۈنگە ئوخشايدۇ،
ئەگەر قىز بولسا، مۇز قاتقان زېمىستان تۈنگە ئوخشايدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئوغۇلنى دەر ئىكەن بەزى كىشىلەر مەڭگۈلۈك ھەمراھ،
قولۇڭغا - قول، پۇتۇڭغا - پۇت گويا دۇلدۇلغا ئوخشايدۇ.

كېتەرمىش قىز بىراۋلارنىڭ ئىشىنى قىلغىلى چەتكە،
شۇڭا قولدىن ئۆتۈپ تۇرغان تۇراقسىز پۇلغا ئوخشايدۇ.

غەزەپتىن تېرىگە پاتماي يېرىلدىم ئۇشبۇ سۆز ئاڭلاپ،
غارايىپ مەنتىقە ئەسلىي تامامەن نۆلگە ئوخشايدۇ.

پەرى يەڭلىغ گۈزەل قىزلار ھاياتنىڭ زىننىتى - پەخرى،
ئۇلار باركى، مۇھەببەت بار، ھاياتلىق گۈلگە ئوخشايدۇ.

جاھان بەرپا ئىكەن قايىدىن، ئوغۇل - قىز بىللە چوڭ بولغان،
ئەگەر قىز بولمىسا ئالەم قاقاس بىر چۆلگە ئوخشايدۇ.

نادانلىق ھەم خۇراپاتلىق قاراشقا مۇپتىلا بولما،
ئوغۇلنى باغ دېسەڭ، قىزلار گۈزەل سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ.

**61**

رېئاللىقنى چىقىش قىلساڭ ئىشىڭدا غەلبە پارلايدۇ،
خىيالدىن چاقنىغان تەدبىر بازاردا ئەمدى ئاقمايدۇ.

بىلىمنىڭ قۇدرىتى چەكسىز — ھەقىقەت جەۋھىرى شەكسىز،
ئۇنىڭغا جان پىدا قىلساڭ قۇياشمۇ يەردە چاقنايدۇ.

خەلقنىڭ ھالى - ئۆز ھالىڭ، خەلقنىڭ رايى - ئۆز رايىڭ،
شۇنىڭدىن باشلىساڭ ئىشنى قازاندا گۆشمۇ قاينايدۇ.

www.uyghurkitap.com

خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا يېتەكلەش ئارزۇيۇڭ بولسا،
قاراپ يوتقانغا پۇت سۇنغىن، ئۇ چاغ پۇتلارنى تۇگمايتۇ.

چۇشەن دوستۇم، ھەقىقەتنىڭ مىزانى شۇ رېئاللىقتۇر
ئۇنىڭدىن چەتنىسەڭ ئىشلار سېنىڭ رايىڭغا باقمايدۇ!

## 62

نەۋقىران ياشلىقتا كۆيگەن ئوت لاۋۇلدار، ئۆچمىدى،
يالقۇنى ئۆچكەن بىلەن چوغ قالدى زىنھار ئۆچمىدى.

قانچە يىللار ئۆتتى بەلكىم، ئېتىقادىم شۇ پېتى،
دەسلىپىدە چىن كۆڭۈل بەرگەن شۇ دىلدار ئۆچمىدى.

ئۆچمىدى دەمسەن ئۇنى، گاھى يورەكتە تۇغ بولۇپ،
قانچە رەت غەلياندا ئۇ، ئۇلغايدى بىسيار ئۆچمىدى.

قانچە لەۋلەر جامىدىن ئىچكەندىمۇ ئاچچىق شاراب،
قىلمىدى مەست، باسمىدى ھەم ئىشقى خۇمار ئۆچمىدى.

كەلدى باشىمغا بالالار، چۈشتى غوۋغا قانچە رەت،
ئوتقا ياغ چاچقان كەبى، كۆڭلۈم جاھاندار ئۆچمىدى.

گۈل چېغىم، لەۋزىم مۆھۈردەك ئورنىغاچ دىل قەسرىگە،
قىبلىگاھقا ئايلىنىپ ئۇ، زەرنەقىشتار ئۆچمىدى.

ھالبۇكى، چاچلار ئاقاردى، دىلدا سۆيگۈ تەپتى بار،
يالقۇنى ئۆچكەن بىلەن چوغ قالدى زىنھار ئۆچمىدى؟

## 63

ئاتامسەن، قىبلىگاھىمسەن، يېڭىشتا ئەۋلىيا دېھقان،
ئانامسەن، ھۆر پەرىشتەمسەن، كۆيۈمچان رەھنىما دېھقان.

ۋۇجۇدۇڭ گاھ بىلەن پۈتكەن، جاپا - مۇشكۇلگە بەرداشلىق،
يۈرەكتە گۈلباھار پەسلى، يۈزۈڭدە نۇر - زىبا دېھقان.

قىشيۇياز، ئىشتا - ئەمگەكتە گويا تۇلپار بولۇپ كەلدىڭ،
ھاياتلىق سەن بىلەن خۇشخۇي، شەرەپتە بىباھا دېھقان.

ئېغىر يۈكلەرنى يەلكەڭدە كۆتۈردىڭ قىلچە زارلانماي،
كۆڭلى - كۆكسۇڭ گويا ئاسمان، جىمىدىن ئەتىۋا دېھقان.

قاداق قوللارنى مەڭزىمگە سۈرۈپ سۆيگۈم كېلۇر دائىم،
كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتكىن، ئۆيۈمگە مەرھابا دېھقان.

## 64

تەۋەللۇت قىلدى تۈن ئىڭراپ ئېغىر تولغاقتا ئاتەشنى،
زېمىننى نۇر بىلەن يۇغان قۇياشنى — جانغا قولداشنى.

كۈمۈش تاغ مەڭزىنى سۆيگەن قىزىل نۇر بولدى ئالتۇن تاج،
ساماغا ئۆرلىدى بۈركۈت قىلىپ پەرۋازدا يايراشنى.

ئېقىنلار خۇددى ئوتقاشتەك جىمىرلاپ ئاقتى باغلارغا،
داۋام قىلدى ئۇلۇغ دولقۇن ئۆزىنى نۇردا چايقاشنى.

گويا مەشۇت تالاسىدەك تۆكۆلدى نۇر كىياھلارغا،
يېشىل ياپراق ئاتا قىلدى شۇ نۇردىن كۆزگە چاقناشنى.

ئۇپۇقنىڭ مەڭزىدە چۇغلۇق، ھاياتلىق نۇر بىلەن تولدى،
داۋاملاشتۇردى شاخلاردا جىمى قۇشلارمۇ سايراشنى.

سەھەرنىڭ قوينى ئالتۇن چاغ، ھاياتلىق دەمدە جانلاندى،
نىيەت قىلدى جىمى جانلىق سەھەردىن ئىشنى باشلاشنى.

## 65

كۆرۈپ ھېيتگاھتا بىر قىزنى گۆھەر مونچاققا ئوخشاتتىم،
يۈزىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان قىزىل ئوتقاشقا ئوخشاتتىم.

كۆزىدىن قەلبى مەلۇملۇق، سەبىيلىك چېھرىگە تەپكەن،
ئۇنى شوخلۇق بىساتىدا گويا تايچاققا ئوخشاتتىم.

قېشى يۇمران قىياق يەڭلىغ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى پەيكان،
بويى زىبا، كۆزى ئوتلۇق، سۆزى چاقماققا ئوخشاتتىم.

نىگاھى ئىنتىزار - تەشنا، دىلىدا ئوت - ھارارەت بار،
مۇھەببەتتە نازاكەتلىك دىلى ئويغاققا ئوخشاتتىم.

ئېگەرلەپ سۆيگۈ ئاتىمنى يېقىنلاپ تاشلىسام بىر سۆز،
قاراپ تەتۈر يۈرۈپ كەتتى شۇ دەم قىرتاققا ئوخشاتتىم.

## 66

«ياشانغاندا ياشارغانلار» ياشاڭلار شاد بولۇپ شوخ - شوخ،
زامان كەڭرى قۇچاق ئاچتى، خۇشاللىقتا تولۇپ شوخ - شوخ.

ئۇزاق يىل ئىشتا - خىزمەتتە جاپالىق ئەجر قىلدىڭلار،
ئاراملىق باغى - گۈلزاردا پۇراڭلار گۈل كۈلۈپ شوخ - شوخ.

قۇياش نۇرى جۇلالايدۇ سىلەر باسقان قەدەملەردە،
ئىزىڭلاردىن باسار ئەۋلاد نىشاندا چىڭ تۇرۇپ شوخ - شوخ.

سىلەر قويغان كۆچەتلەر باغ بولۇپ ئەلگە مېۋە بەردى،
كۆرۈڭلار لەززىتىن باغنىڭ خۇشال بەزمە قۇرۇپ شوخ - شوخ.

سىلەردىن مەڭگۈلۈك رازى دىيارىم ھەمدە ئەۋلادلار،
تۈمەن بۇلبۇل تەشەككۈردە كۈلەر خەندان ئۇرۇپ شوخ - شوخ.

## 67

كۆزۈڭدىن چاچرىغان ئۇچقۇن گويا ئوتقاشقا ئوخشايدۇ،
قېشىڭ بەرگى قىياق يەڭلىغ يېشىل ئوتياشقا ئوخشايدۇ.

لەۋەن كۈلكەڭ قىلىپ پەرۋاز سەھەر بۇلبۇلنى ئويغاتتى،
زىنىخىڭ غۇنچىدەك كۆركەم، يۈزۈڭ قۇياشقا ئوخشايدۇ.

جۇۋانىنىڭ مەھلىيا نازى سېنىڭ نازىڭغا دال بولماس،
لېۋىڭدە گۈلسۈرۈخ پەيزى قىزىل ياقۇتقا ئوخشايدۇ.

سىنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەنلەر ئۈزۈلمەس قىلغا باغلانغان،
سىنىڭ رىشتىڭ سۆيۈلگەنلەر ئۈچۈن قىلتاقتا ئوخشايدۇ.

ئۇلارغا قىلچە پەرۋاسىز يۈرۈيسەن رەستىدە تايدەك،
ئاجايىپ ئىش، سىنىڭ ئىشقىڭ گويا بەلۋاغقا ئوخشايدۇ.

ئۆزۈممۇ كۆپنى كۆرگەندىن، قاناتىم باغلىنىپ قالدى،
سىنىڭ نازىڭ مىنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن باسماققا ئوخشايدۇ.

68

بىلىم ئال، ئەي قەدىردان دوست، ئانا يەرنى سۆيەر بولساڭ،
ئۇلۇغ مىللەت - قېرىنداشقا ھەقىقىي - چىن كۆيەر بولساڭ.

بىلىمسىزلىك - نادانلىق ئۇ، قۇرت - قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ،
بىلىمگە جان پىدا ئەيلە، يىراقنى گەر كۆرەر بولساڭ.

كىشى ئاينى ماكان قىلدى بىلىمنىڭ قۇدرىتى بىرلە،
بىلىمدە سەن گادايلىقنى تۈگەت، ئالغا يۈرەر بولساڭ.

كىشى - كىمدە بىلىم بولسا، تىرىش - تىرماش ئۆگەن ئۇندىن،
بىلىمنىڭ چېگرىسى يوقتۇر ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەر بولساڭ.

بىلىمدە ئەلنى قۇتقۇزماق ۋەتەنپەرۋەر سىيماسىدۇر،
بىلىم بېغىنى رەڭدارگۈل بىلەن ئوبدان تۈزەر بولساڭ.

تېپىپ پۇل جايىدا ئىشلەت، بىلىمسىزگە بىلىم چىشلەت،
چىقىپ دوزاخ ئازابىدىن، ئەگەر جەننەت كىزەر بولساڭ.

بىلىم ئىزدەشتە پەرھاد بول ۋەيا ئوكيانلدا غەۋۋاس بول،
بىلىمدىن دۇر-گۆھەر قازماق يىراق ئەمەس تاغ كىسەر بولساڭ.

بىلىمنى ئاشىنا ئەيلە، ئۇنى قەلبىڭگە جا ئەيلە،
ئۆزى كەلمەيدۇ پۇرسەت بىل بىھۇدە ئۇنى كۈتەر بولساڭ.

بوۋاڭ - ئەجداد مەدەت بەرگەي، ئەجىردىن كەلگۈسى كۈلگەي،
بىلىم ئاتلىق پەرىزاتقا ئۆمۈرۋايەت كۆيەر بولساڭ.

69

دوست - يارەن رىغبىتىدىن مىسلى بوستاندۇر كۆڭۈل،
دۇررىمارجان سۆھبىتىدىن گۈلى رەيھاندۇر كۆڭۈل.

دىل خۇشى - ئالەم خۇشىدىن پەزلى ئىنسان مۆتىۋەر،
مۆتىۋەرلەر خىسلىتىدىن تەپتى گۈلخاندۇر كۆڭۈل.

باغدىكى گۈللەر ھىدى دىللارنى خۇشخۇي ئەيلىگەي،
خۇش ناۋا بۇلبۇل ئۈنىدىن يەنە خەنداندۇر كۆڭۈل.

ئەجرىدىن پىشقان يېمىشلەر لەززىتى شېرىن - ھەسەل،
خۇشلۇقى قەلبىگە تالىق ئۆز گۈلۈستاندۇر كۆڭۈل.

كىمكى مەيخورلارغا ئۈلپەت دوستلۇقى مەي جامىدا،
قان قىزىپ بولغاندا بىھوش دەردتە پايخاندۇر كۆڭۈل.

كىم ھەسەت، پىتنە - پاساتچىلارغا بولسا ئاشىنا،
ئازغۇسى توغرا يولىدىن، پەيلى شەيتاندۇر كۆڭۈل.

كەم ئەقىل سەيناسىدا ياخشىغا ھەمدوست، يار – يۆلەك،
نۇر چېچىپ چىققان قۇياشلىق كەڭرى ئاسماندۇر كۆڭۈل.

## 70

يار يۈزىدىن يۈزگە ئوت ئۆتتى دەقىق،
كۆزلىرىمنى كۆزگە يۈتتى دەقىق.

ئۆز نېسىۋەمنى ئىچەلمەي تۇرسىما،
ئۇستىلەپ مەي جامىنى تۇتتى دەقىق.

قولغا ئالماي بولمىدى مەي جامىنى،
مەي بىلەن كۆڭلۈمنى يار ئۇتتى دەقىق.

مەي بىلەن يار ئىشقىنى ئىچتىم قوشۇپ،
مەي خۇمارى دەمۇدەم تۇتتى دەقىق.

رىشتىمىز باغلاندى مەھكەم دىلئارا،
چىن مۇھەببەت ئىستىكى پۈتتى دەقىق.

## 71

گۇلۇم غۇنچە ئىدىڭ بىر چاغ گۈزەللىك بابىدا سەرخىل،
ياناتتى سۆيگۈ گۇلخانىم يۈرەك ئايۋانىدا سەرخىل.

مۇشەققەت باستى يەلكەڭدىن تۇغۇپ بىرنەچچە پەرزەنتنى،
ئاقاردى چاچلىرىڭ ئۇچتەك بۆشۈكنىڭ يانىدا سەرخىل.

ۋۇجۇدۇڭ ئوتتا تاۋلاندى ئوغۇل - قىز ئىشتىياقىدىن،
چىداملىق ھەمدە مىننەتسىز ھايات بىساتىدا سەرخىل.

ئۆتۈندىڭ قىزغا، ئوغلانغا گۈزەل ياشلىق باھارىڭنى،
تۇرارسەن بىباھا گۈلدەك ئۇلار رۇخسارىدا سەرخىل.

ياشانغانغا ھاسا ئۇلار، نادانلارغا سىخىي ئۇستاز،
كۆيەر ھەردەم يۈرەك - باغرى خەلق دىشۋارىدا سەرخىل.

يەنە ئالدىڭدا خىزمەتكار ئۇلار، سەن تەختىنىكى سۇلتان،
ئۇلۇغ ئارزۇ ۋىسال تاپتى ئۇلار پەرمانىدا سەرخىل.

شۇڭا غەمدىن يىراقتۇرسەن، خۇشاللىق تەپتى مەڭزىڭگە،
يەنە گۈلدەك بولۇپ كەتتىڭ كۆڭۈل گۈلباغىدا سەرخىل.

كۆزۈمگە غۇنچىدىن بەرنا كۆرۈندى رەڭگى - رۇخسارىڭ،
تۇرارسەن مەڭگۈ ئىشقىمنىڭ ئوتى - گۈلخانىدا سەرخىل.

نە ئارمان بار گۈلۈم سەندە، تەشەككۇر بار ساڭا مەندە،
ئۆتەيلى ئىپتىخار بىرلە، باھار ئەييامىدا سەرخىل.

72

قۇياش شارى ئانام ئوخشاش دىلىمدا بىباھا ئەسلىي،
نۇرۇڭدا مەن ئۆسۈپ كەلدىم، كۆزۈمگە تۇتىيا ئەسلىي.

جاھاندا سەن گۈزەللىكنىڭ مۇقەددەس رەھنىماسىسەن،
ھاياتلىق سەن بىلەن گۈلگۈن، بىمارلارغا داۋا ئەسلىي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۇمۇرسەم تاڭ بىلەن زۇمرەت نۇرۇڭنى تەنگە كۆچ كىرگەي،
ئۇپۇقتىن سارقىغان رەڭدار شەپەق كۆزگە زىيا ئەسلىي.

قېنىمغا زەپمۇ رەڭداشكى سېنىڭدىن بالقىغان زەر نۇر،
تومۇردا دولقۇنى نۇرنىڭ ئۆزۈم نۇرغا خۇمار ئەسلىي.

يۈزۈمنى نۇرغا قاقلايمەن، تېنىمنى نۇردا تاۋلايمەن،
چىلانسام نۇرغا ھەر تاڭدا بولۇر تەنگە شىپا ئەسلىي.

ئۇنىڭسىز رەڭگى - رۇخسارىم بەئەينى بورىيادۇرجان.
جاھاننىڭ پەخرى، سۇلتانى قۇياشتۇر بىباھا ئەسلىي.

## 73

مەن غەزەل يازدىم بىسەپ ئەجدادلىرىم ئىزناسىدىن،
ئۇ تەۋەللۇت بولدى قان ھەم ھېسسىيات دەرياسىدىن.

بۇ ئەمەس ئويناشقىنىم چەكلىك ھايات — جانىم بىلەن،
قان - قېنىمغا سىڭدى بۇ خۇي ياشلىقىم بەرناسىدىن.

شۇ بىلەن ئۆتتى جاپالىق ياشلىقىم، تارتتىم ئەلەم،
شۇندىمۇ بولدۇم يەنە ئاشىق قەلەم شەيداسىدىن.

چاچلىرىم ئۇچتەك ئاقاردى، تەنلىرىمدىن كەتتى كۈچ،
تاشلىماي ئالدىم قەلەمنى سۆيگىنىڭ رەناسىدىن.

بەلكى ياشلىقتەك كېلىشمەس ئەمدىكى يازغانلىرىم،
رازىمەن خەلقىمگە بىر گۈل ياقسا باغ سەيناسىدىن.

## 74

ئۇنچىلا قىسپ كەتمە جانان، ئەمدى ئاجراشمايلى بىز،
ھە دېسە، چاچلار يۇلۇپ جەڭگاھقا قاتناشمايلى بىز.

ئىككى پەرزەنت كەلگۈسىنى ئويلىشايلى بىللە - تەڭ،
قانچە يىللاپ ئۆي تۇتۇشتۇق، ئەمدى ياتلاشمايلى بىز.

بويىنىنى قىسماي ئوغۇل - قىز، سەرۋىدەك ئۆسسۇن دېسەك،
ھاي بېرىپ ئاچچىقتا دەرھال، ئەمدى سەتلەشمەيلى بىز.

سەن مىجەزىڭنى تۈزەتكىن، مەن خۇيۇمنى پەسلىتەي،
ئۆيدىكى غوۋغا - پاراڭنى سىرتقا دادلاشمايلى بىز.

قول سۇنۇپ، باشلار يېرىلسا، يەڭ - ياقا ياپسۇن ئۇنى،
ھە دېسە، ئىزدەپ قۇسۇر - كىر، ئەمدى پۇتلاشمايلى بىز.

ئەر - ئايال بىر شاختا پىشقان جۈپ ئانار بولسا ئەگەر،
دانىسى قوشماق ئوغۇل - قىز، ئەمدى ئاجراشمايلى بىز.

## 75

بىر گۆدەك ئادەم بولۇپ يەتكەندە ئادەم قەدرىگە،
ئېرىشەر ئۆز ئەجرىدىن ئادەمچە خىسلەت، بەختىگە.

ئۇ ئەگەر ئادەم بولۇشنىڭ بىلمىسە مىزانىنى،
ئايلىنار ئادەمسىياق ئالۋاستىلارنىڭ نەسلىگە.

ئەلگە كۆيمەك، ئەلنى سۆيمەك، ئەل ئۈچۈن قۇربان بېرىش،
يەتكۈزەر ئادەمنى ئادەمچە ياشاشنىڭ ۋەسلىگە.

گەر ئاۋامنىڭ رايىسىز ئۆز كۆمىچىگە تارتسا چوغ،
ئايرىلىپ ئادەم توپىدىن ئايلىنار ئوت ـ خەسلىگە.

ئۆزىنى بىلمەك قىيىندۇر، كىمكى بىلسە ئۇ ئۇلۇغ،
چىققۇسى ئەل ئىچرە ئۇ، ئىززەتۇئىكرام تەختىگە.

ئەي كىشى، غەيۋەت ـ شىكايەت ھەم تەمەدىن بول يىراق،
بەرمە قەلبىڭدىن ئورۇن شۇملۇق بىلەن سۇيقەستىگە.

سەن قاراپ ئەينەككە دائىم تۇت يۈزۈڭنى پاكىزە،
سال يەنە ئۆلچەپ ئۆزۈڭنى بەر قارار جىنىڭ ـ تەخسىگە!

76

بەدەن ئېرىپ سىماب بولدى نىگار نازى جۇلاسىدىن،
دىلىمغا چۈشتى بىر يارلىق، دېمەك سۆيگۈ جاپاسىدىن.

يۈرەك ئاتەشكە قاقلاندى شۇدەم يۈلغۇن تاياقىدا،
سۆڭەكلەر كۆيدى — ئاغرىيدۇ شۇ يار ئىشقى بالاسىدىن.

كىچە ـ كۈندۈز كۆسەي يەڭلىغ كۆڭۈلنى چۇخچىلايدۇ ئۇ،
تېپىرلايمەن، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى كاسەسىدىن.

ياتارمەن ئاھ! ئۆرۈپ دەردتە، تېنىمدە كۈچ ـ مادارىم يوق،
قۇتۇلماقلىق بەسى مۈشكۈل مۇھەببەتنىڭ قازاسىدىن.

يېتۈك دوختۇر دېدى بارسام: بۇنىڭغا بىزدە دورا يوق،
ئۆزۈڭ قىلغىن ئامالىنى نىگارىڭنىڭ ۋاپاسىدىن.

تىلەيمەن ئىلتىجا ئەيلەپ، سېنىڭدىن ئى رەھىم، جانان،
قۇتۇلدۇرغىن، ئۆزۈڭ سالغان ئىشق دەردۇ بالاسىدىن.

قوشۇلسۇن مېھرىمىز بىزنىڭ ئېقىن سۇلار قوشۇلغاندەك،
يېتەيلى ئارزۇ - ئارمانغا، چىقىپ سۆيگۈ خۇمارىسىدىن!

## 77

ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ كەلدى نىگار ئاستاغىنە،
تاڭدىكى گۈل - غۇنچىدەك كۈلدى نىگار ئاستاغىنە.

يۈرىكىم بولدى سىماب ھەرنىگاھى ئوت بولۇپ،
ئىشق - مۇھەببەت قارمىغىن سالدى نىگار ئاستاغىنە.

سۆيگىنىڭ كەلكۈنلىرىدە مەن بېلىق بولدۇم گويا،
ئىلدۇرۇپ قارماققا دەم ئالدى نىگار ئاستاغىنە.

كېچىسى ئۇيقۇمۇ قاچتى، كۈندۈزى مەجنۇنىمەن،
ئىشق - سەۋدا دۇمبىقىنى چالدى نىگار ئاستاغىنە.

كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى تەننى، بەرمىدى لەبئى شاراب،
چۇخچىلاپ ئىشقىمنى، يول سالدى نىگار ئاستاغىنە.

تۇۋا! دەپ، تۇتتۇم ياقامنى، بۇ چۇشۇممۇ يا ئويغۇم،
كۆزلىرىم قاراقىدا قالدى نىگار، ئاستاغىنە.

شۇ نىگار كەتكەن تەرەپتە قالدى ئىزلار تۆكچىدەك،
تەلمۈرۈشتىن كۆزلىرىم تالدى، نىگار ئاستاغىنە.

78

تۇنگە ئەنداز، ئىس - تۈتەكتەك، قاپقارا بوستان جالا،
ئىككى يەلكەڭدىن تېقىمغا كەڭ ئېتەك يايغان جالا.

ھەر تېلى مەشۇت يىپىدەك شۇنچە ئۇز ھەم ئەۋرىشىم،
پارقىراق، كۆركەم جۇلاسى كۆزنى چاقناتقان جالا.

ئۆرسەڭ قىرىقتال قىلىپ ئۇ خۇددى مەجنۇن تالدەك،
نەۋقىران ئەر قەلبىگە ئاتەشنى چاچراتقان جالا.

ئېھ، گۈزەل ئۇيغۇر قىزىنىڭ زىننىتى - پەخرى بولۇپ،
ئاي كەبى رۇخسارىنى گۈلدەكلا يايراتقان جالا.

ئاھ! بۈگۈن كۆردۈم، ئېچىندىم، كالتە ھەمدە رەڭگى يوق،
ساپسېرىق ئالۋاستى يەڭلىغ، دىلنى يىغلاتقان جالا.

ئايجامالى بوپتۇ سولغۇن خۇددى كۈز ياپراقىدەك،
شاد كۆڭۈلنى ئايىنىتىپ، زەردەمنى قايناتقان جالا.

ئەي گۈزەل ئۇيغۇر قىزى، بۇزما جالاغا رەڭ بېرىپ،
ئەسلىي قۇندۇز رەڭگىگە مىليوننى قاراتقان جالا.

79

ئاتاڭ ئۆستۈردى - چوڭ قىلدى، يەنە باقسا ئۇيات ئەمدى،
ئوتۇڭدا جان ئاناڭ ياشى يەنە ئاقسا ئۇيات ئەمدى.

يېتىشكەن بىر ئوغۇل قىلماق ئۇچۇن چەكتى جاپا - جەبرى،
يەنە غەلۋەڭدە قان يىغلاپ جاپا تارتسا ئۇيات ئەمدى.

تېپىپ پۇل ئەيش - ئىشرەتكە تۇگەتكەن چاغدا قول سۇنساڭ،
بولۇپ غەمكىن ئاتاڭ يانچۇققا قول سالسا ئۇيات ئەمدى.

قولى قىسقا بولۇپ قالسا، ۋاپادارلىقنى كۆرسەتمەي،
خىجالەت تۇگمىنى باشقا چۇشۇپ قالسا ئۇيات ئەمدى.

ئۆزۈڭنى باققىنى ئازدەك، بالاڭنى باققىلى قويساڭ،
ھېرىپ تالغاندا ئۇھ! تارتىپ يېتىپ قالسا ئۇيات ئەمدى.

تەكىيگە باشنى قويغاندا كېلەلمەي ۋاقتىدا يوقلاپ،
ئۆلار يىغلاپ، يولۇڭغا كۆز تىكەر بولسا ئۇيات ئەمدى.

ئۇيات قىل! ئەمدى قىز - ئوغلان، ئۆلار ئالدىدا باش تارتماي،
يۆلەنمە بىر ئۆمۈر، ئۆلار كېتىپ قالسا ئۇيات ئەمدى!

80

خاس ئىدى ئىنساپ دېگەن ئادەمگە زاتى - نەسلىدىن،
ئۆزئارا مەنپەئەت بېرىشتە ئايرىلاتتى ۋەسلىدىن.

www.uyghurkitap.com

بەزىلەردە يوق ئىكەن ئىنساپ دىگەندىن قىلار ئەسىر،
مەنپەئەت كەلسە زەھەردىن يەپ ئۆلەركەن ئەسلىسىن.

كۆيمىسە ئاغزى ئۇنىڭكى چوغنىمۇ يالمايدىكەن،
تالىشىپ ھايۋانلىدىنمۇ يەيدىكەن ئوت - خەسلىدىن.

ئادىمي خىسلەت، خاراكتىر… قىلچە يوقكەن قەلبىدە،
مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا يانمايدىكەن سۈيقەستلىدىن.

قان - قېرىنداش، دوست - بۇرادەرنى ئۇنتۇغانكەن تامام،
تەكتى - زاتىغا خىيانەتكار ئىكەن ئۇ پەسلىدىن!

**81**

تىلەك جۇرئەتنى يار قىلماس ئىكەن، ئۇ چاغ تىلەك ساختا،
غۇرۇرى ھەمدە ۋىجدان يوق كىشىدە دەل يۈرەك ساختا.

خىيالىنىڭ تۇگمىنى دانىسىز داراقلاپ كۇندە ئايلانسا،
قولىدىن كەلمىسە ھېچ ئىش دىمەك، كۈچسىز بىلەك ساختا.

كامالچا سۈركىلىۋەرسە، ئۇنىڭدىن چىقمىسا بىر كۈي،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلماس ياغاچتۇر ئۇ، غىجەك ساختا.

چېچەكلەپ كۆككە بوي تارتىپ غورا باجغانلىغان شاپتۇل،
يېمىشسىز قالسا كۈز پەسلى ئوتۇندۇر ئۇ چېچەك ساختا.

يىمىشلەر كۆزدە مەي بولسا، ئىگىلىسە شاخلىرى ئاندىن،
كۆتۈرمەستىن سۇنۇپ كەتكەن، قويۇلغان ئۇ دىيەك ساختا.

ئايانماي تەر تۆكۈپ دېھقان تېرىپ قوغۇنىنى ئەي قىلسا،
خەمەك سالماي پىلەك تارتقان ئۇرۇق ساختا، پىلەك ساختا.

كۆچەت تىكسەك، قىلىپ ئورمان بورانىنى توسىمىغاندىن سوڭ،
ياساپ ئايۋانغا خا قىلساق سۇنۇپ كەتكەن تېرەك ساختا.

سۆزدە مىڭ «كېرەك» سۆزلەپ، ئۆزى قول سالمىغان ئىشتىن،
نەتىجە چىقمىغاي زىنھار، دېمەك مىڭلاپ «كېرەك» ساختا.

ھەزەر ئەيلە، بۇرادەر - دوست، جىمىكى ساختىدىن زىنھار،
ئۆزۈڭ ساختا بولۇپ قالساڭ، دېمەك سەندە يۈرەك ساختا!

82

سەن تۇغۇلدۇڭمۇ جاھانغا ئادىمىي بولماق قىيىن،
ئادىمىي بولغان بىلەن تەڭ زېھنىگە تولماق قىيىن.

شەكلى ئادەم، خىسلىتى شەيتان سۈپەتلىكلەر تولا،
جىسمىدا ۋىجدان، غۇرۇر يوقكى، سېتىپ ئالماق قىيىن.

ئەل ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئارزۇ پەقەت،
ۋاقتى كەلگەندە پەقەت، جانىنى پىدا قىلماق قىيىن.

ئەل غېمى - ئەرنىڭ غېمى، ئەلنىڭ كۆزىدە ياش بولۇپ،
دەردۇ غەمكى تاشنى ئېرىتكەن كىشى بولماق قىيىن.

www.uyghurkitap.com

پاك بولۇش ئادەم ئۈچۈن تەھقىق ئىسىل خىسلەت ھامان،
مەئىشەت، پۇل ئالدىدا گالنى تولۇق يىغماق قىيىن.

كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن قالدۇر مىراس ئەجرىڭ بىلەن،
قىل ئىجاد تەر ئاققۇزۇپ، تاغدىن گۆھەر قازماق قىيىن.

ئى ئوغۇل، ئادەم بولۇپ ئادەمچە خىسلەتتە ياشاش،
«يىڭنىدە قازماق قۇدۇق» تەك، كۆپ جاپا تارتماق قىيىن.

بەل قويۇپ بەرمە ناھايەت، بىر گۈزەل تارىخ يارات،
بىلكى، ئۆمرۈڭ تارىخىنى پاكىزە يازماق قىيىن.

گەر ساڭا بولسا نېسىپ پەرھادچە غەيرەت يار - يۆلەك،
مۇشكۇلات ئۆمرۈڭ يولىنى ھېچ ئەمەس، باسماق قىيىن.

## 83

ئادىمىي بولدۇڭ بۇرادەر، ھۆرمىتىڭنى ياخشى قىل،
سۆيي ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى، ئىززىتىڭنى ياخشى قىل.

سەن ئۆزۈڭنى بىلمىسەڭ گەر، ئۆزگىلەر بىلسۇن نېچۈك،
ئادىمىي ئەخلاق يېتىشتۇر، قىممىتىڭنى ياخشى قىل.

سەن ياشا ۋىجدان، غۇرۇرنىڭ ئىلكىدە ئاقىل بولۇپ،
تىل بىلەن قەلبىڭ قوشۇلسۇن نىيىتىڭنى ياخشى قىل.

ئىت بىلەن مەينەت يالاقتا ئاش تالاشقان نەدە بار؟
تىغ بولۇپ ئىتقا - رەقىبكە، شۆھرىتىڭنى ياخشى قىل.

سۆي ئۆزۈڭنى، ئەتۋارلا، ئەلنى سۆي ئۈندىنمۇ بەك،
ياخشىلارغا چىن ۋاپادار ھەممىتىڭنى ياخشى قىل.

كىبرى قىلساڭ ئۆزگىلەرگە، باشقىلار سەندىن بىزار،
ئۆزگىلەرنى تەڭ - باراۋەر خىسلىتىڭنى ياخشى قىل.

گەر پاخال بىلسەڭ ئۆزۈڭنى، قۇل بولۇرسەن ئۆزگىگە،
كۆزگە ئىلماس تىرنىقىدەك، سەن ئۆزۈڭنى ياخشى قىل.

## 84

ئەي دولاننىڭ ياشلىرى - مەردانلىرى،
ناخشا - ساز، مەرغۇل - ئۇسسۇل چولپانلىرى.

كۈي - مۇقام، ئەلنەغمىگە سادىق يۈرەك،
تۈردىكام ۋارىسلىرى، پالۋانلىرى.

دەسسىسەڭ مەشرەپتىسەن گۈپ - گۈپ قىلىپ،
ئويندى تەڭكەش يېزا بوستانلىرى.

كۈيلىرىڭ ئاقتى تومۇردا قان بولۇپ،
زوقلىنىپ ياندى يۈرەك گۈلخانلىرى.

مەھلىيا قىلدى مېنى مەپتۇن قىلىپ،
جور بولۇپ ئېيتقان قوشاق، داستانلىرى...

كۆرسە كىم تەڭكەش بولۇپ لىڭشىيدىكەن،
ئىختىيارسىزلا قىزىپ شوخ قانلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىپسىل مەنبە ئىكەن سەنئەت ئۇچۇن،
مەڭگۈلۈك پۈتمەيدىغان زەركانلىرى.

بارمىدۇ، كىمنىڭ مۇشۇنداق سەنئىتى؟
قالدى تاڭ، يەرۇ جاھان ئەركانلىرى.

## 85

ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم ئۆسكەن ئانا يۇرت - ناچۇغۇم سەندە،
ئۇلارغا كۆيگىنىم يەڭلىغ يانار ئىشقىم ساڭا تەندە.

بولۇر ۋارىس جىمى ئەۋلاد ئەزىز ئەجدادىغا دائىم،
بوۋام روھى يۈرەكتە چوغ، مۇھەببەت بار شۇڭا مەندە.

بوۋامنىڭ ئىزلىرى سەندە مۆھۈردەك مەڭگۈ ساقلانغان،
ساڭا سادىق ئۆتەرمەنكى، قىلىپ ئۆمرۈمنى بەخشەندە.

سېنى گۈللەشكە ئۈندەيدۇ، ئۇلار لەۋزى ماڭا بۇيرۇق،
سېنى جەننەت قىلىپ چىقماق مېنىڭ ئەھدىمكى ھەردەمدە.

كۆكۈل ئاسماندا ياپرايدۇ ساڭا ھەرئاندا ئىزباسسام،
كېلەر ماغدۇر ۋۇجۇدۇمغا گويا تاغدەك بولۇپ دەمدە.

سېنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سېنىڭدىن ھېچ كېچەلمەيمەن،
سۆيۈگىنى تەك قىلالمايمەن يۇيۇنسام گەرچە زەمزەمدە.

گۈزەل يۇرت - ناچۇغۇم قەشقەر يۈزىگە خوپ ياراشقان خال،
تاۋاپ ئەيلەپ چىقىپ كەلسەم بولۇرمەن خۇش، دىلىم خەندە.

## 86

قىلىپ پەرۋاز ئانا يۇرتۇم سامادا پەر قاقاي دەيمەن،
سامادىن شۇڭغىغان قۇشتەك چۇشۇپ باغرىم ياقاي دەيمەن.

تۇكۇلگەن سەندە كىندىك قان (ھىدى بار خاكى - تۇپراقتا) ،
ئەزىزلەپ ئاشۇ تۇپراقنى يىقىپ مەڭزىم ياتاي دەيمەن.

سىنىڭ ئىشقىڭ بولۇپ گۇلخان يۇرەكتە چوغلىنىپ ياندى،
ياساپ گۇل قىپقىزىل قاندىن جەسۇر كوكسۇڭ تاقاي دەيمەن.

ساڭا مېھرىم ئاقار دەريا، كوزۇمدە نۇر جامالىڭ بار،
سۇيۇڭدە ئەركىلەپ ئويناپ، بېلىق يەڭلىغ ئاقاي دەيمەن.

ئەگەر سەن بۇيرۇساڭ ياۋغا قوۋۇرغامنى پىچاق ئەيلەپ،
قوشۇپ نەپرەتنى پەيكان قىپ يۇرىكىگە ئاتاي دەيمەن.

ئەزىزىم، جانجان يۇرتۇم گۇزەل ئىقبالغا ئات سالدىڭ،
ئېلىپ يەلكەمگە يۇكۇڭنى بولۇپ دۇلدۇل چاپاي دەيمەن.

سىنىڭدە ئىززىتىم تاغدەك ۋەياكى ھورمىتىم باغدەك،
ئەزىزلەپ خاكى كوكسۇڭگە يۇرىكىمنى ياقاي دەيمەن.

## 87

ھاياتلىق قەدرىگە يەتمەك كىشىنىڭ ئارزۇ - ئارمانى،
ھاياتقا زادى تويماستىن ئۆتۈش دىلنىڭ قارارگاھى.

ئۆتۈپ كەتسە ئۆمۈر سۇدەك، كېتەر پۇرسەت ھامان قولدىن،
ياشانغاندا ياغار باشقا بولۇپ كەلكۈن پۇشايمانى.

شۇ بەردەم بىر ئوغۇل بولساڭ، ھاياتقا ئىقتىدا ئەيلەپ،
تىرىش - تىرماش ھاياتلىقنىڭ بولۇپ پەرھادى - ئوغلانى.

ئۈمىد - ئارزۇ، ئىجاد - ئەمگەك... ھاياتقا رەڭ بېرەر ھەردەم،
ئۇنىڭسىز مىسلى قاقشالدۇر ھاياتلىق باغۇبوستانى.

ياشانغاندا ھايات تاتلىق، بىراق كارۋان يانار مەزگىل،
تىپىرلايسەن، كېچىككەندە ئۆمۈر قىسقا غۇۋا شاھى.

قەدىردان دوست، ھاياتنى سۆي، قەدىرلە ياشلىقىڭدىنلا
بىكارغا كەتمىسۇن زىنھار، ھاياتلىق ئارزۇ - ئارمانى.

88

بىلىم ئاسمانغا كۆۋرۈكتۇر، بىلىم دۇنيانى ئوڭلايدۇ،
بىلىم كۆۋرۈككە تۈۋرۈكتۇر پولات لىملارغا ئوخشايدۇ.

بىلىمنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئۇنىڭغا تەڭ تۇرارى يوق
بىلىملىك كۆكتە ئۇچقاندا بىلىمسىز چۆلدە توختايدۇ.

بىلىم دۇنيانى بار قىلدى، بىلىم بارلىققا يار قىلدى،
ئىجاد - ئەمگەك، ھۈنەر - سەنئەت گۈزەل تۇرمۇشنى ياقلايدۇ.

ئىلىم - پەن مېھرىگە مۇتلەق كۈمۈش تەرىڭنى قوشقاندا،
يېڭىلمەس كۈچ بولۇپ ھەردەم باياشادلىققا باشلايدۇ.

قۇرۇق قاپ ئۆرە تۇرمايدۇ، قورساق تويماي هاياتلىق يوق،
ئىلىم - پەنگە مۇراجىئەت قىل، قورساقنى ياخشى توقلايدۇ.

ئىلىم - پەنسىز تىرىش - تىرماش، ئىشىڭدا چوڭ نەتىجەڭ يوق،
بىلىمسىز زور پۇشايماندا هامان باشنى قاشلايدۇ.

بىلىمسىزلىك قەيەردە كۆپ، شۇ يەردە مەڭگۈ نامراتلىق،
ئىلىم - پەن ئۆچلىغان مىللەت نومۇس - ئارنى ئاقلايدۇ.

بىلىم ئال ئۇيغۇرۇم تىنماي، بىلىمگە ئىقتىدا ئەيلەپ،
ئىرادە قانچە زور بولسا، بىلىم دىللاردا چاقنايدۇ.

بىلىمدە ئۆزگە مىللەتلەر قۇياشقا ىمالال ئۇچتى،
بىلىم قانچىكى جىق بولسا، قۇياش مەلەڭدە چاقنايدۇ.

89

يۈرەك ئەسلىي قۇياش نەسلى، مېهىر - شەپقەتكە تەشنادۇر،
كىشى قىزغىن سالام - ساهەت يەنە هۆرمەتكە تەشنادۇر.

سېنىڭدە بار، مېنىڭدە يوق كىشىدە هەممە تەل بولماس،
تولۇقلاپ بارى - يوقلارنى ياشاش هىممەتكە تەشنادۇر.

خۇشاللىق سەندە، مەن قايغۇ سۈيگە گەر چۆكۈپ كەتسەم،
تەسەللى ئىلكىدە قولنى سۇنۇش رىغبەتكە تەشنادۇر.

تۇتۇپ ياستۇق يېتىپ قالسام كېسەللىكتە قوپالماستىن،
سوراپ ئەهۋال دىدارلاشماق مېهىر - شەپقەتكە تەشنادۇر.

ئۆزۈڭدەكلا كۆرۈپ ئەلنى، تېرىقتەك كۆڭلىنى ئالساڭ،
سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ئەل ئىچرە قەدىر - قىممەتكە ئۇشتاندۇر.

ئېقىن دەريا، ئۆتۈش مۇشكۈل — ياشانغانلار ئۈچۈن شۇ دەم،
يۈدۈپ يەلكەڭگە ئۆتكەزمەك ئېسىل خىسلەتكە تەشنادۇر.

جىمىگە بۇ يورۇق ئالەم قونالغۇ ھەمدە تۆت كۈنلۈك،
ئىناقلىق، مېھىر - شەپقەتلىك ئىشى بەرىكەتكە تەشنادۇر.

90

سېنى بىر باغ دېسەم قەشقەر، تۈمەنباغ ئەندىزى سەندە
ئۇزاق تارىخقا شاھىد ھەم يىپەك يول مەركىزى سەندە.

بۇۋام مەھمۇد، يۈسۈپ ھاجىپ، نىزارى قەبرىگاھى ھەم
غەزەللەر ئۈستىسى گۇمنام كەبى زاتلار ئىزى سەندە.

يېتۈك نەققاشلىق، سەنئەت… ھۈنەرۋەنلەر ماكانىسەن
ئوغۇز ئەۋلادى ئۇيغۇرنىڭ تېرەن ئوق يىلتىزى سەندە.

زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكار — يېتىلگەن شائىرە - بۇزرۇك،
تۇغۇلغان تاڭدا چولپانگۈل[1] — قۇياشتەك، ئەل قىزى سەندە.

«جاھان رەنالىرى ئىچرە» ساڭا تەڭداش تۇرارى يوق،
مەئىشەت بابىدا سۇلتان، جاھان ئەھلى كۆزى سەندە.

---

[1] چولپانگۈل — نوزۇگۇمنىڭ ئەسلىي ئىسمى.

سۆيۈك تاتلىق، نېنىڭ تاتلىق، مېۋەڭ شېرىن- شېكەر مۇتلەق،
جىمىنى تەملىك قىلغان تېتىتقۇ — ئاش تۇزى سەندە.

كىچەڭ كۈندۈزگە ئوخشايدۇ، بازارلار تۈندىمۇ ئاۋات،
سالامغا چۈشتى مىليونلاپ سامانىڭ يۇلتۇزى سەندە.

سانائەت مىسلى ئورماندۇر، بىنالار سۆيدى ئاسمانىنى،
يېزا - سەھرامۇ نۇرلاندى... زەپەرنىڭ مېغىزى سەندە.

زېمىنىڭ بىھېساب مۇنبەت، سۆيۈك ئەلۋەك، يولۇڭ مەر - مەر،
ساڭا ئالقىش يار قىلدى ئاۋام - دوستلار سۆزى سەندە.

يىگىتلەر قامىتى تاغدەك — ھالال تەر بەختى - ئىقبالى،
قىزىڭ زىبا، جامالى گۈل، قەلەمقاش - قۇندۇزى سەندە.

قەدىم قەشقەر، ئانا يۇرتۇم، ئۇلۇغ ئەمگەك شارابىدىن،
جىمى ئەمگەكچى خەلقىڭنىڭ يورۇق بولدى يۈزى سەندە.

91

كىشى تۇرمۇشقا باي بولسا، بىلىم سەيناسى كەڭ بولغاي،
ئەقىل - زېھنى چىراغىغا يېتەرلىك ماينى ھەم قۇيغاي.

شۇ چاغدا ئول چىراغ كارۋان يولىغا نۇر چېچىپ تەھقىق،
ئىش ھەرئاندا بەرىكەتلىك بولۇپ زور غەلىبىگە تولغاي.

ئەقىللىق مىڭنى يەڭگەندە، ئەقىلسىز بىرگە تەڭ كەلمەس،
ئەقىل - بىلمەك دېمەكلىكتۇر، بىلىشتىن دىل كامال تاپقاي.

بولۇپ كەمتەر، بىلىش ئۆزىنى، كىشىگە قۇت بېرەر ھەرچاغ،
كېلەچەك يۇلتۇزى ھەرئان ئۇنىڭ قەلبىگە نۇر چاچقاي.

رېئال تۇرمۇش بىلىم كانى، قېزىش ئەجرىڭگە باغلىقتۇر،
جاپانى يەڭسە ھەر ئىنسان «قېزىش» دىن دۇر گۆھەر ئالغاي.

ئىرادە ھەمدە قىزغىن روھ، بىلىشنىڭ شوتىسى بىلسەڭ،
تىرىشقان كۆككە ئۆرلەشنىڭ سىرىنى - قۇلپىنى ئاچقاي.

بىلىشنىڭ يوللىرى ھەرخىل، كىشى تۇرمۇشقا چۆك دائىم
ئەقىل - زېھنى چىراغىڭغا ئۆمۈرلۈك ماينى قۇي ھارماي!

92

تامچە - تامچە تامچىلاردىن بولدى ھاسىل بۇ دۇنيا،
تامچىلاپ زۇمرەت ساماغا گۈلشەپەق يايدى زىيا.

ئۇ باھارنى كەلدى باشلاپ، باغۋارانلار كۈلدى شاد،
تاغدا ناخشا، باغدا ناخشا، ناخشا ئاقتى يۇرت ئارا.

تامچىدىن تاپتى شىپالىق قانچە بىمارلار تولۇق،
بۇ ئەزىم تامچە ھاياتلىق مەنبەسىدۇر — بىباھا.

تامچە قۇدرەت، تامچە ھىممەت، تامچىدىن ھاسىل ئېقىن،
نۇر شۇ مەرگەن تامچىلارنىڭ زەررىسى قاندۇر گويا.

شۇ سەۋەب رەڭدار تەبىئەت، تامچە بولغاچ رەڭمۇرەڭ،
چېھرىگە ئالغان قىزىلگۇل تامچە قاندىن رەڭ - جۇلا.

مايىسلار لەرزان شامالدىن تولغىنار رەققاس كەبى،
تامچىدىن ئالغان يېشىللىق ئۇ بولۇق ھەمدە تولا.

مول ھوسۇللار شاھىدى ئۇ ھەممىگە بەرىكەت - ئوزۇق،
ئۇ بىلەن گۈلگۈن ھاياتلىق — بارچە جان غەمدىن جۇدا.

دەرئىمىش: قۇش چاڭگىسىدىن قاغجىراپ چۇشكەن كوكات،
تامچىدىن باغرى قېنىپ بىخلار سۇرەركەن... دائىما.

بۇ دېمەككى، تامچىلارنىڭ قۇدرىتى ھەم شۆھرىتى،
بۇ ھاياتلىق مەنبەسىگە بوۋىلار بەرگەن باھا.

93

ئۆتتىنا ئوت كۆيمەس ئىدى، ئوتۇڭدا كۆيدۇردىڭ گۈلۈم،
قەلب تارىمنى چېكىپ، نازىڭدا سۆيدۇردىڭ گۈلۈم.

ھەسىنا، ئادەم ھايات - سۆيگۈ ئوتى ئۆچمەيدىكەن،
چاچلىرىم ئاق بولسىمۇ، جاندىن سۆيۈندۇردىڭ گۈلۈم.

www.uyghurkitap.com

قەلبىمىزمۇ ئاق ئىدى، ئاقلىقتا ئامراق ئاڭ ئىدۇق،
ئاقنى يادىمغا سېلىپ قەلبىمنى كۆلدۈردىڭ گۈلۈم،

ئاھ! نىتەي، ياشلىق چېغىم ئاقلىقنى ئەلا ئەيلىگەن،
چۈنكى، ئاق قەغەز بېتىدەك سەنمۇ ئاق ئەردىڭ گۈلۈم.

چاچلىرىڭ ئاق، رومىلىڭ ئاق، ئاق چىراي ھۆسنىڭ بىلەن،
سەن چىقىپ ئالدىمغا بۈگۈن دىل ئىلىندۈردىڭ گۈلۈم.

ئەسلىدۇق ياشلىقتا «ئاق ئۆستەڭ» بويىنى بويلىغان،
قوڭغۇراق كۈلكەڭ يەنە ئوخشاش بىلىندۈردىڭ گۈلۈم.

ياشىنىپ قالغاندىمۇ چوغلۇق ئىكەن سۆيگۈ ئوتى،
بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ زەپمۇ كۆيۈندۈردىڭ گۈلۈم.

## 94

ھالۋا پۈتكەي غورىدىن سەن سەۋرى قىل نادىر ئوغۇل،
كۆپ ئۆگەن، كۆپ ئىگىلە — ئەلنى بىل كادىر ئوغۇل.

ئالدىراقسانلىق ياراشماس ھەر يىگىت - ئوغلانلىغا،
بەك نادانلىق - كىبرى قىلماق، بۇنى بىل ئادىل ئوغۇل.

باشقىلار سۆز باشلىسا سەن تاشلىما بەلدىن ئۈزۈپ،
ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بولۇر ھەم قىلما سەن سادىر ئوغۇل.

كەمتەرىن ئەرلەر ھەمىشە ئالغا ئۆرلەش ئۈلگىسى،
بۇ ساۋاقنى ئەستە ساقلا، قىل ئەمەل دادىل ئوغۇل.

ئەل ھامان ئەخلاقتا مىزان، ئەل ئىچى گۆھەر بىلىم،
ئەلنى ئۇستاز تۇتقىنىڭدا — ھەممىگە قادىر ئوغۇل.

95

ۋەتەننى دىلغا جا ئەيلە، ۋەتەن سۆيمەكنى ئەلا بىل،
ۋەتەنىنىڭ ھەر گىياھسىنى قەدىر - قىممەتكە تىللا بىل.

ۋەتەنىنىڭ داغ سۇيى لەززەت بېغىشلايدۇ يۇرەكىڭگە،
ئۇنى زەمزەم سۇيىدىنمۇ تۇمەن مىڭ ھەسسە ئەلا بىل.

تۇغۇلغان يۇرتتا كىندىك قان ھىدى بار ئۇ سىنىڭ قانىڭ،
ۋەتەن تۇپراقىنى جاندىن ئەزىزلەپ ھەقتا ئەلا بىل.

ۋەتەن تۇغقان ئاناڭ يەڭلىغ، ۋەتەنگە قىلما تۇزكورلۇق،
ۋەتەنسىز ئالجىغانلارنى رەقىب بىل ھەمدە رەسۋا بىل.

ئامان بولسا ۋەتەن قوينى ئامان بولغاي سىنىڭ بەختىڭ،
ۋەتەنگە جان پىدا ئەيلەپ جېنىڭدىن بەلكى ئەلا بىل.

96

تىكەندىن قورقمىغان ئوغلان قىزىلگۇلنى ئۈزەلەيدۇ،
جاپادىن قورقمىغان ئاشىق گۈزەل يارنى سۆيەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەببەت ئۇ ساداقەتنىڭ ئېگىز تاغىغا مەنسۇپتۇر،
كىمكى جان پىدا قىلسا، شۇ تاغ ئۈستىن كۆرۈلەيدۇ.

ۋاپا قىلماق مۇھەببەتنىڭ زۆرۈرى بىر مۇھىم شەرتى،
ۋاپادارلىقتا پەرھاد كىم، ھامان لەززەت سۈرەلەيدۇ.

ۋاپادار يارنى تاپماقلىق دېڭىزدىن يىڭنە تاپقاندەك،
ئەقىلنى دىلغا جا قىلسا، دېڭىز ئىچرە ئۈزەلەيدۇ.

مۇھەببەت گاھىدا بۈركۈت ئېگىز ئاسماندا پەرۋازلىق،
ئىرادە، ئېتىقاد بولسا، سامانى ھەم كېزەلەيدۇ.

مۇھەببەت گاھىدا يولۋاس — كىشىنى چۆچىتەر يىرتقۇچ،
تاقابىللىق ئېگى بولسا، ئۇنى باش ئەگدۈرەلەيدۇ.

كىشى ئۆمرىدە يىگانە ئۆتەلمەس ھېچ مۇھەببەتسىز،
مۇھەببەتكە ۋاپادار ئەر ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەلەيدۇ.

**97**

ئانامسەن تەبىئەت، جەلپكار گۈزەل
ئۆزۈڭسەن ئەزەلدىن يېقىملىق غەزەل.

بۆشۈكسەن، ئەللەيلەپ مېنى ئۆستۈرگەن،
قۇچاقىڭ مەن ئۈچۈن جىنىمدەك ئەۋزەل.

يۈرەككە شىپادۇر زۇمرەتتەك سۈيىڭ،
تاغلىرىڭ زەركانى - بايلىق مۇپەسسەل.

يېشىللىق قەلبىمدەك بىپايان دۇنيا،
ھاياتلىق سىمۋولى ئەزەلدىن ئەزەل.

سەن ئىنسان ھاياتى، شادلىقى ئۈچۈن،
تۆلىدىڭ، تۆلەيسەن ئەڭ ئېغىر بەدەل.

شۇندىمۇ مىننەت ھەم زارلاشتىن يىراق،
سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يازىمەن غەزەل.

## 98

نان دېسەم، چېھرىمگە كۆلكە يامرىدى سەلدەك گويا،
نان دېسەم، مەڭزىمگە قوندى گۈل شەپەق رەڭلىك زىيا.

بەلۋېغىمدا نانلا باركى، جان ئامان - جانىم ئامان،
نان ھاياتلىق مەنبەسى ھەم قىممىتى زور - بىباھا.

ئەيلىدىم ناننى مۇقەددەس تەندىكى قانغا قىياس،
چۈنكى، ئەمگەكچان ئانامنىڭ قان - تەرىدەك تۇتىيا!

لېۋىدىن بىر چىشلىسەم قەلبىمدە سۆيگۈ جۇش ئۇرۇپ،
سۇرىمەن شاھلىق ھۇزۇرىدىن ئېسىل، نىزەمبىللا!

يەۋېرىپ كۆندە پولۇنى زېرىكەر ھەرنە كىشى،
ئەمما ناندىن ئايرىلالماس قېرى - ياش ھەمدە بالا.

www.uyghurkitap.com

نان ئۇلۇغ - دېھقان ئۇلۇغ، ئەمگەك ئۇلۇغ - قان - تەر ئۇلۇغ،
بۇردا ناننى خارلىغان ئىنسانغا نان بولماس راۋا!

## 99

تىلىڭ — قەلبىڭ بايانىدۇر، ئىناۋەتلىك هامان لەۋزىڭ،
تىلىڭ—هەرىكەت بىلەن بىردەك ئىكەن ئۇ چاغ جاھان لەۋزىڭ.

ئەگەر تىل كەينىدە پىنھان غەرەزلىك پىتنە - ئىغۋالار—
بولۇپ، دىللارنى غەش قىلسا، كىشىگە كۆپ پىغان لەۋزىڭ.

چىقار لەۋزىڭمۇ ئاغزىڭدىن، چىقار جايىمۇ شۇ جانىڭ،
ئەگەر لەۋزىڭگە سادىقلىق پەقەت يوق، خاس - سامان لەۋزىڭ.

ھەقىقىي جان كۆيەر بولساڭ ئەمەل قىل بارچە لەۋزىڭگە،
سۆڭەكسىز تىلغا سال نۇقتا، ئۇنىڭسىز دەرگۇمان لەۋزىڭ.

تىلىڭ - مىللەت تىلى، بىلسەڭ قەدىر - قىممەتتە تەڭداشسىز.
بېقىپ سۆزلە، ۋاپا قىل ھەم قۇچار ئۇ چاغدا شان لەۋزىڭ.

كىشى تىلدىن كېتەر ھەمدە شۇ تىلدىن شان تاپار تەھقىق،
ئەقىلنى تىلغا جا قىلساڭ ئىناۋەتلىك هامان لەۋزىڭ.

## 100

ئايالنى گۈل دېسەم، گۈلدىن يارالغان گۈل - گۈلۈستاندۇر،
ئۇلار ئەجرى ھاياتلىققا يېمىشلىك باغۇ بوستاندۇر.

قىران ئەرلەرگە قولداش ھەم يېرىم دۇنيا، يېرىم جان ھەم
ھاياتلىقنىڭ ئەزىم كانى، ھاۋا ھەم نۇر بىلەن ناندۇر.

ھايات كۈلگەن بۇ دۇنيانىڭ چىرايلىق كۆركى - ئەندازى
ئايالسىز بۇ يورۇق دۇنيا قاقاسلىق ھەم زېمىستاندۇر.

لېۋى غۇنچە، ھىلال ئاي قاش، سۇزۇك تەن، مەڭزى ئاي يەڭلىغ،
ئۇزۇن چاچ ئوت تۇتەگىدەك، تېقىمدا ئەينى بوستاندۇر.

ئايال قەلبى - لىرىك بىر شېئىر، ئۆزى شەكسىز جەلپكار كۈي،
ئاياللار مېھىر - شەپقەتلىك يارالغان، قەلبى ئاسماندۇر.

ئايال بار، بۇ ھاياتلىق بار، ئۇنىڭ تەمى گوياكى بال،
ئايالنى خارلىغان ئەرلەر، ئەمەس ئەر، بەلكى ھايۋاندۇر.

ئاياللار بۇ ھاياتلىقنىڭ ئىلاھى، ھۆسنى، تەم بەرگەن،
ئايالسىز شاھى سۇلتاننىڭ تۇرار جايى گۆرۈستاندۇر.

ئۇلار شۇنداق يارالغان ئۆز، جىمىگە مېھىر - شەپقەتلىك،
ئۇلۇغلۇقتا ئانامدەكلا، قۇياش يەڭلىغ نۇرىستاندۇر.

**101**

ئۆزۈمنى بىر كۆچەت ئەتتىم بېغىڭغا جان - جېنىم گۈليار،
جېنىمنى ھەم پىدا ئەتتىم جېنىڭغا جان - جېنىم گۈليار.

بېغىڭدا ئەي بولۇپ ئاينىپ، باراقسان گۈل - چېچەك ئاچسام،
يۇراپ خۇشيار قىلارسەنمۇ ھىدىڭغا جان - جېنىم گۈليار.

www.uyghurkitap.com

ساداقەت، پەرۋىشىڭ بىرلە، شېرىن - شەربەت مېۋەڭ بولسام،
سالارسەنمۇ لېۋىڭ ئىچرە تىلىڭغا جان - جېنىم گۈليار.

تىلىڭنى يارسا خۇش تەمى، سەمىمىي رازلىق ئەيلەپ،
مېنى ھەمراھ قىلارسەنمۇ دىلىڭغا جان - جېنىم گۈليار.

ئۆزۈمنى بەختىيار ئوغلان سېزەتتىم بۇ جاھان ئىچرە،
گويا قاندەك تاراپ كەتسەم تېنىڭگە جان - جېنىم گۈليار.

## 102

سالام بەر، نەۋقىران ئەۋلاد ئۆزۈڭدىن چوڭنى كۆرگەندە،
تەۋەززۇ ئىلكىدە تۇر ھەم ئۇلار ئالدىڭغا كەلگەندە.

گىزى كەلگەندە ئال تۆرگە، ئۆزۈڭ پەگاھتا قالساڭمۇ،
ھېيت - بايرام، سورۇنلاردا تائام پەيزى سۇرۇلگەندە.

ئۇلارغا ئاپتوبۇسلاردا ئورۇن بەر ئېھتىرام بىرلە،
قىلىپ دۈمبەڭنى ئولتۇرما، يېتىپ ھاردۇق، تىلىنگەندە،

سەۋەب ئاددىي: ئۇلار خۇددى ئاتا - ئاناڭ بىلەن ئوخشاش،
يۆلەپ ماڭ، تاشلىبان كەتمەي، كوچادا يول يۇرۇلگەندە.

ئۇلارنىڭ بۇگۈنى تەھقىق سېنىڭ ئەتەڭ بولۇر جەزمەن،
ئۇلارغا سەن نىمە قىلساڭ، يانار نۆۋتى كەلگەندە.

ئۇلار ئىشلەپ مۇشەققەتتە ياراتتى بىھېساب بايلىق،
ئۇلارنى بەھرىمەن قىل ھەم مەئىشەتلەرنى كۆرگەندە.

ئۇلار ئەل بايلىقى ھەردەم، سەۋەب تۇرمۇش بىلىم كانى،
ئۇلار تۇرمۇشقا باي ئۇستاز، پېشىنى تۇت ئۆگەنگەندە.

ئەدەپ - ئەخلاق ئۇزاق يىلدىن مىراس قالغان ئۇلۇغ ئادەت،
ئۇنىڭ سەن ۋارىسى بول ھەم زەپەرگە يەڭ تۇرۇلگەندە.

مېھىر - شەپقەت ئىناقلىقنىڭ مىزانى - شەرتىدۇر بىلسەڭ،
بۇنى يادىڭدا تۇت ئەۋلاد، ئەقىل - زېھنىڭ يېتىلگەندە!

## 103

تۇراقسىز بەزى ئادەملەر — گېپى - لەۋزىدە توختام يوق،
قاراپ ئادەمگە سۆزلەيدۇ، شۇڭا ھەرجايدا دەشنام يوق.

شامال سوققان يېكەن يەڭلىغ يانار ئالدىغا - كەينىگە،
سەھەردە بەرسە بىر ۋەدە، لېكىن شۇ ۋەدە ئاخشام يوق.

كىشىنىڭ كەينىدە مىڭ سۆز — چايانىڭ نەشتىرى ئوخشاش،
بىراق، ھەرئان كۆرۈشكەندە ھىجايماق... زەررە بەدنام يوق.

قۇياش نۇرىغا چۈمكەكلىك تۇرۇپ، نۇر كۆرمىدىم، دەيدۇ،
كىشىگە گەر يورۇق بەرمەك بولۇپ قالغاندا بىر شام يوق.

قەيەردە بولسا بىر شوخ گەپ، چىقار ئالدىغا سۆز تارتىپ،
بىلەرمەنلىك قىلار دائىم، لېكىن مەزمۇنى بەتتام، يوق.

بىرەر ئىشلارغا قول تىقسا، چىقار دائىم چاتاق كۆپلەپ،
بولالماس ھەممە خاتىرجەم سەۋەب ھەر ئىشقا ئىلھام يوق.

كىشى بىر گەپنى ئوڭ قىلسا، بۇرايدۇ ئەكسىگە دائىم،
نومۇس دېگەننى بىلمەيدۇ، ئۇ جاھىللىقتا نۇقسان يوق.

گۇمانخورلۇق ئۇنىڭ كەسپى، ئۆزىنى ماختىماق ئادەت،
خۇيى يالغانچىلىق دائىم، گېپى - لەۋزىدە توختام يوق.

**104**

كەڭ كوچا - ئاۋات كوچا، ھېچ يەردە يوق تەنھا كوچا،
بويلىرى رەت - رەت چىنارلىق، قوينى نۇر داغدار كوچا.

كەچلىرى سالقىن - ھاۋالىق، ئوت يۈرەكلەرگە ھۇزۇر،
ئاقىدۇ رەتلىك كىيىنگەن ئادەمى — دەريا كوچا.

قانچە ئايلانما بېزەلگەن گۈل - گىياھ، چىملىق بىلەن،
بارچىنى قىلغان جەلپكار گۈل ھىدى بەرنا كوچا.

تار كوچا ئۆتمۈش بولۇپ قالدى يىراقتا ئۇنتۇلۇپ،
ساھىلى سەرخىل ئويۇنغا كەڭرى جاي - سەينا كوچا.

سەندە ماڭسام سۈرىتىمنى كۆرسەمەن كۈندۈز - كېچە،
ئۆزگە ئەينەك نە كېرەكتۇر، سەن تۇرۇپ رەنا كوچا.



www.uyghurkitap.com

ئېھ! كوچا، داڭدار شەھەرنىڭ ھۆسنىدە سەن بىر زىنىخ،
ئادىمىنىڭ كۆڭلىدەك كەڭ، زەپ گۈزەل زىبا كوچا.

سەن ئانا يۇرت ئىپتىخارى، سەن ھاياتلىقنىڭ يولى،
سەن ئۈچۈن قان - تەرى ئاققان خەلقىمىز دانا، كوچا.

**105**

چىن مۇھەببەت - سۆيگۈ ئوتى، ئۆلگىيىپ ئۆچمەيدىغان،
ھەرنە ئىنسان قەلبىدىن ھەم تا ئەبەد كۆچمەيدىغان.

ئۇ ھاياتلىق مەشئىلى - ھەركىمگە يول كۆرسەتكۈچ،
ئۇ مۇقەددەس روھى سەزگۈ جاننى نەق قىينايدىغان.

ئۇ قەلبلەر ئاسمىنىنى يورۇتار چولپان بولۇپ،
تۈگىمەس ئىزگۈ خىيال ئۇ، كۈنۈ تۈن يىتمەيدىغان.

مۇشكۇلاتلار داۋىنىدىن ھالقىغان كارۋانىمۇ ھەم،
ھەم بەخت بوسۇغىسىغا يەتسىمۇ قانمايدىغان.

كى ئۈنىڭدىن دىل سۆيۈنەر ھەم دىل ئازابتىن ئۆرتىنەر،
ئۇ ۋۇجۇدنى كۆيدۈرەر ئوت — بىر ئۆمۈر قىينايدىغان.

چىن مۇھەببەت روھى دۇنيادىن يوقالماس بىر خۇرۇچ،
ياش - قېرى، گۈلگۈن ھاياتلىق ئۇ بىلەن ياشنايدىغان.

سۆيگىنىڭ يادروسى — چىنلىق ھەم ۋاپادارلىق ئىرۇر،
ئۇ ھاياتلىقنى مۇپەسسەل مەڭگۈلۈك گۈللەيدىغان!

## 106

سىنىڭ جانىڭ زۆرۈر قانداق، ئاتا - ئاناڭنى سۆي شۇنداق،
جېنىڭدىن بەلكى ئەلا بىل، قەدرلەپ تۆرگە قوي شۇنداق.

ئۇلارسىز سەن هايات بولماس ئىدىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان،
دەرەخمۇ بولسا يىلتىزسىز، سوزالماس كۆككە بوي شۇنداق.

ئاتا - ئاناڭ سىنىڭ تەكتىڭ، ساڭا يىلتىز، ساڭا تۇۋرۇك،
شۇڭا سەن ئۇلغىيىپ ئۆستۈڭ، ئەقىل-زېھنىڭمۇ ئوي[①] شۇنداق.

ئاتاڭنىڭ بارىدا يايراپ، ئاناڭنىڭ بارىدا يايلاپ،
هايالسىز شۇ بەخت ئىچرە قىلارسەن كاتتا توي شۇنداق.

شۇ چاغ سەنمۇ بولۇپ يىلتىز قىزىڭغا ياكى ئوغلۇڭغا،
بولۇپ باغۋەنى ئۇلارنىڭ بىرەرسەن هەمدە خۇي شۇنداق.

بۇ خۇيكى، دەل سىنىڭ قەلبىڭدە ئۇندۇرمە بولۇپ ئۆسكەن،
مىراستۇر بەلكى ئەجدادنىڭ قەدىر - قىممەتتە مول شۇنداق.

ئەگەر بىلسەڭ ئاتا - ئاناڭنى هۆرمەتلەش، قەدىرلەشنى
بالاڭمۇ دەل سىنى دوراپ قەدىرلەيدۇكى خوي[②] شۇنداق.

---

① ئوي — چوڭقۇر، تېرەن.
② خوي — بەلەن، ياخشى.

دىمەك، ھۆرمەت بىلەن ئىززەت، مىراس بىزلەرگە ئەجدادتىن،
ئۇ چاغدا تەڭرىمۇ رازى… بولۇر، ئۇلارنى سۆي شۇنداق.

«ئاتا رازى - ئانا رازى — جىمىكى چارىيا رازى…»
ئاتا - ئاناڭنى ھۆرمەتلەپ، چۈشەن بۇ سۆزنى ئوي شۇنداق.

## 107

مۇئەللىملەر ئۇلۇغ ئىنسان قاراڭغۇ دىلغا نۇر بەرگەن،
ئۇلار ئەمگەك - تېرى بىرلە ۋەتەن، مىللەتكە گۈل بەرگەن.

بۇگۇنكى، كەلگۈسى ئەۋلاد — دەۋرنىڭ پەخرى - ھەقداسى،
ئۇلارنى مول بىلىم ئەھلى قىلىشچۈن ئەلگە قول بەرگەن.

مۇئەللىم روھى شۇڭلاشقا قۇياشقا مەڭگۈلۈك قوشماق،
مۇشەققەت ھەم جاپا - مۇشكۇل ئۇلار ئالدىدا يول بەرگەن.

نادانلىق قەسرى گۇمراندۇر مۇئەللىم ئەمگىكى بولغاچ،
ئۇلارغا بۇ ئۇلۇغ كۈچنى چېۋەر ئەمگەكچى - ئەل بەرگەن.

دىمەككى، شان - شەرەپ بىرلە كېلەچەك ئىز باسارىنى،
مۇكەممەل - پۇختا تەربىيىلەپ گۈزەل دەۋرانغا ئۇل بەرگەن.

## 108

پايانى يوق ئىتىز - قىرغا خوجايىنسەن جەسۇر دېھقان،
ئىلاھسەن، پاك پەرىشتەمسەن، تېپىلماس ھېچ قۇسۇر دېھقان.

يارالدىڭ ئەسلىدىن ئىشچان ـ هالال ئىش قوينىغا تۈرەك،
جىمى ئادەم ساڭا قايىل يەنە شۇنداق رۇسۇل دېهقان.

چىمەنلەر يەلپۈنەر كۆكلەم ـ كۈمۈش تەرىڭگە شاهىد ئۇ،
ئالارسەن كۆزدە پاتمانلاپ ئۈنىڭدىن مول هوسۇل دېهقان.

سىنىڭ ئەمگەكۈ تەرىڭدىن هاياتلىق پەيزىنى سۈردۈق،
مەئىشەت داستىخانىمۇ سىنىڭ ئىلكىڭدە مول دېهقان.

سىنىڭسىز كاتتا سۇلتان يوق، شەهەر يوق، بىزگە هەم نان يوق،
سىنىڭسىز سەهنىدە رەققاس قىلالمايدۇ ئۇسسۇل دېهقان.

يېرىق پۈت هەم قاداق قوللار جاهاننى توقچۇلۇق قىلدى،
تىلەيمىز هەممە بىرلىكتە شۇڭا جەننەت ۋىسال دېهقان.

ئاتام دېهقان ـ بوۋام دېهقان، ئانام دېهقان ـ موماm دېهقان،
سىنىڭ مۇشكۇل جاپايىڭغا تەسەددۇق جان ـ بەدەل دېهقان.

**109**

ئەزىزىم، دىلكۈيۈم دىلبەر ساڭا هەمراهى بولغۇم بار،
بۇلۇپ بۇلبۇل ناۋا قىلساڭ گۈزەل گۈلزارە بولغۇم بار.

ماڭا قىلغان ئەقدەڭدىن ئەگەر تايماي ۋاپا قىلساڭ،
يۈرىكىمگە چېتىپ رىشتىڭ، تۇتۇپ قول بىللە يۈرگۈم بار.

www.uyghurkitap.com

كۆزۈمنىڭ نۇرى چىرماشتى كۆزۈڭ نۇرىغا دەرقەمتە،
ھاياتىمغا مۇئەككەل بول، سېنى كۆزلەرگە سۇرگۇم بار.

قارىمۇقنىڭ دېنى بولمايكى، بۇغداينىڭ سامانى بول،
شۇ چاغ قىممەتتە تەڭداشسىز بىلىپ باشىمغا ئالغۇم بار.

ھەسەتخورغا بولۇپ خەنجەر قارا قەلبىگە سانجىلساڭ،
بۇ بەختىمگە تۇمار ئەيلەپ سېنى بوينۇمغا ئاسقۇم بار.

ياشاندىم، ئەمما قەلبىمدە مۇھەببەت ئوتلىرى چوغلۇق،
ئۇمىدۋار لەيلىزارىمدا سېنى قوينۇمغا سالغۇم بار.

ئىجادىم بەرگىگە شەبنەم بولۇپ مەڭگۈگە جور بولغىن،
تەسەددۇقۇڭ بولۇپ جانان ساڭا قۇربانە بولغۇم بار.

## 110

مېھىر - شەپقەت رىغبىتىدىن ھەركىشى تاپقاي روناق،
دىلكۈيۈم، تۇغقان - قېرىنداشتەك ئۇيۇل بولغاي ئىناق.

ئۇ ھاياتلىققا شىپالىق دورىدىن ئارتۇق ھامان،
ئۇ بەخت، ئارزۇغا رىغبەت، غەلبىگە ئاچقاي قۇچاق.

ئۆزئارا شەپقەتتە سۇ ئىچكەي غېرىب - مىسكىن دىلى،
ئۆم - غورو ئۆسكەن كەبى چۆللەردە بوستان ھەم شىۋاق.

چوڭ دەرەخ بولسا بۇ ئالەم، ئادەمى ياپراق - شېخى،
ھۆسنىگە تولغاي ئۇنىڭدىن نۇرلىنىپ ئىشقى - پىراق.

گۆل- گىياھ، دەريا- ئېقىن، ئاسمان- زېمىن قوشماق بولۇپ،
بىر - بىرىدىن قىلغان تەقەززا، رىشتى باغلاپ ھەممىتولۇق.

ھەممىمىز ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانامىنىڭ پۇشتىدۇر،
يىلتىزى بىر، قان - قېرىنداش، مېھىر - شەپقەتلىك ئىناق.

شۇ سەۋەب شەپقەتكە موھتاج، بۇ جاھان ھەر چاغدىلا،
ئۆزئارا غەمخور بولۇشتۇر ھەممە ئادەم ھەممىۋاق!

[General Information]
书名=格则里亚提　维吾尔文
SS号=40229173